بەلنى بىلىشكە دائىر كىتابچىلار

# ئىرق توغرىسىدا

شى مۇجۇاڭ



مىللەتلەر نەشرىياتى

پەنني بلمگه دائر كتابچلار

# عمرق توغرسدا

شى موجۇاڭ يازغان
تەرجمه قلغۇچى: خۇاڭ دۇنپۇ

مللەتلەر نەشرياتى

www.uyghurkitap.com

# «پەننى بىلىمگە دائىر كىتابچىلار» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى

ئوبۇل ئىسلام
يىن ۋېيخەن
بيەن دېيبېي
شى موجۇاڭ
جاڭ چىڭ
لىن جۇگۇاڭ

جاڭ داۋيى
شىن جۇ
گاۋ جۇاڭ
سەي جىڭفېڭ
چېن تيەنچاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتاپچىدە گەپ قىزىق بىر رىۋايەت بىلەن باشلىنىپ، ئىرقلار مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر سىستېمىلىق بايان قىلىنىدۇ؛ دۇنيادىكى ھەر خىل ئىرقلارنىڭ پەرقىنى زادى قانداق چۈشەندۇرۇش مەسىلىسى، دۇنيادا نىمە ئۈچۈن ھەر خىل ئىرقلارنىڭ بولىدىغانلىقى، ئىرقلار ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەرنىڭ بولىدىغانلىقى، بۇ پەرقلەرنىڭ قانداق ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى، ئىرقلاردا ئىنغارلىق بىلەن قالاقلىق پەرقىنىڭ بار - يوقلۇقى شۇنىڭدەك ئىرق بىلەن مىللەت ئارىسىدا قانداق پەرق بارلىقى......ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر كىتاپخانىلارغا تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ كىتاپچە ئاممىباپ تىل بىلەن يېزىلغان ھەمدە ئۇنىڭدا مۇناسىپ قىستۇرما رەسىملەر بار.

# تەھرىر ھەيئىتىدىن

بىز «پەننى بىلىمگە دائىر كىتاپچىلار»نى تۈزۈشتە، پارتىيە 12-قۇرۇلتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەلەپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەر ئىچىدە پەننى بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، دائىم كۆرۈلىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ۋە ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىنى ئىلمىي رەۋىشتە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق كەڭ كىتاپخانلارغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلاردا ئىلمىي ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان ھەۋەس قوزغاشنى مەقسەت قىلدۇق.

بىز مۇشۇ ئارزۇ بىلەن، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە نەتىجە ياراتقان بەزى يازغۇچىلارغا بۇ كىتاپچىلارنى يازدۇردۇق. ئۇلار بۇ كىتاپچىلارنى ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بىلەن يازدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، كىتاپخانلارغا بەزى ئاساسىي پەننى بىلىملەرنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇنى قىستۇرما سۈرەتلەر بىلەن چۈشەندۈرۈشكە، ئوقۇمۇشلۇق قىلىشقا، شۇ

كىتاپچىدا چېتىلىدىغان پەن تارماقلىرىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى كۆزقاراش ۋە يېڭى نەتىجىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە تىرىشتى.

بۇ كىتاپچىلار يۇقۇرى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئىشچىلار، دېھقان-چارۋىچىلار، ياش-ئۆسمۈرلەر، يۇقۇرى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ كىتاپچىلارنى ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا پايدىلانما قىلىسمۇ، دەرستىن سىرتقى ئوقۇش كىتاۋى قىلسىمۇ بولىدۇ.

بۇ كىتاپچىلار دەسلەپكى قەدەمدە ئاسترونومىيە، يەر ئىلمى، بىئولوگىيە ۋە ئىجتىمائى پەن ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان 30 خىلدىن تەركىپ تاپتى، خەنزۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق ۋە چاۋشيەنزۇ يېزىقلىرىدا نەشر قىلىنىدۇ.

بۇ كىتاپچىلارنى تۈزۈپ نەشر قىلىش خىزمىتى دۆلەت مىللى ئىشلار كومىتېتى ۋە جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلەندى. كونكرېت خىزمەتلەردە جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بۆلۈمى، جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيىتى تەتقىقات ئورنى، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئىلىم-پەن نەشرىياتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى، گېئولوگىيە نەشرىياتى، جۇڭگو ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ رەسەتخانىسى، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى، جۇڭگو تىبابەتچىلىكى تەتقىقات ئورنى، دۆلەت مېتېئو-

رولوگىيە ئىدارىسى، بېيجىڭ پەننى تەربىيە كىنو ئىستۇدىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىزنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. بۇ يەردە بىز يۇقۇرىدا نامى ئاتالغان ئورۇنلارغا، بۇ خىزمەتكە قاتناشقان ئاپتورلارغا ۋە يولداشلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بۇنداق كىتابچىلارنى تۈزۈشىمىز تۇنجى قېتىملىق ئىش بولدى، تەجرىبىمىز يوق، خىزمىتىمىزدە كەمچىلىك ـ خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، كىتابخانلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ۋە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

«پەننى بىلىمگە دائىر كىتابچىلار» تەھرىر ھەيئىتى

1984 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


قىزىقارلىق بىر رىۋايەت ........................ 1

1. ئىرق ۋە تېرە رەڭگى ........................ 4
   1. دەسلەپكى ئايرىش ........................ 4
   2. تېرە رەڭگىنىڭ سىرى ........................ 12
2. تېخىمۇ كۆپ نۇقتىدىن ئايرىش ........................ 21
   1. ئۆلچەمنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ........................ 23
   2. ئىچكى ئالاھىدىلىك — قان گورۇپپىسى ........................ 34
   3. بارماق جىيىغى ........................ 44
3. ئىپتىدائى ئىرق ........................ 49
4. يېڭى يول ........................ 61
   1. ئاشكارىلىق ۋە يوشۇرۇنلۇق ........................ 61
   2. ئىرسى ئارىلىق ........................ 65
5. ئىرق ۋە مىللەت ........................ 73
6. ئىرقلار ئەلا ئىرق، پەس ئىرق دەپ ئايرىلامدۇ؟ ........ 80

# قىزىقارلىق بىر رىۋايەت

ئاۋات كوچىلاردا سەيلە قىلغىنىڭىزدا، ياكى چەتئەللىك دوستلار قاتناشقان چوڭ يىغىلىش - سورۇنلاردا بولغىنىڭىزدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىن كەلگەن رەڭگا - رەڭ ئادەملەرنى كۆرىسىز، ئۇلارنىڭ جۇغى، سىياقى بىر بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ھەر خىل - ھەر ياڭزا بولغاندىن تاشقىرى، تېرىسىنىڭ قارا، ئاق، قوڭۇر، سېرىق بولۇشى، چېچىنىڭ تۈز، بۇدرە، بۇجۇغۇر بولۇشى، بۇرنىنىڭ يوغان، كىچىك، ئېگىز، پاناق بولۇشى، كۆزىنىڭ كۆك، سۇر، قارا، قوڭۇر بولۇشى، ساقال - بۇرۇتىنىڭ قويۇق، شالاڭ بولۇشى ۋە باشقا جەھەتلەردىن بىر بىرىگە ھەقىقەتەن ئوخشىمايدۇ.

دۇنيادىكى ئادەملەر نېمە ئۈچۈن مۇشۇ جەھەتلەردىن بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ دېگەن سوئالنى قويغۇچىلارمۇ چىقىشى مۇمكىن. يېقىندا ئامېرىكا رايونىدا ياشايدىغان ئىندىئانلار ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: يىراق قەدىمقى زاماندا، يەر شارىدا تېخى ئىنسانلار يارالمىغان چاغدا، قادىر ئاللا بىر قۇرۇتۇش مېشى بىنا قىلىپتۇ، ئاندىن كېيىن خېمىردىن 3 ئادەم ياساپ، ئۇلارنى قۇرۇتۇش مېشىگە سېلىپ قۇرۇتۇپتۇ.

بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللاتائالا مەشتىن بىرىنچى خېمىر ئادەمنى ئېپچىقىپ قارىسا، ئوتىنىڭ تېۋى يەتمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ قېلىپتۇ؛ يەنە بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئاللاتائالا مەشتىن ئىككىنچى خېمىر ئادەمنى ئېپچىقىپ قارىسا، ئوتىنىڭ تېۋى دەل جايىدا تەككەنلىكتىن، ئۇنىڭ رەڭگى قوڭۇرغا مايىلراق بولۇپ قېلىپتۇ، بۇنىڭغا ئاللا بەك خۇشال بولۇپ كېتىپ، مەشتىكى ئۈچىنچى خېمىر ئادەمنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئۈچىنچى خېمىر ئادەم ئاللانىڭ ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى مەشتىن ئېپچىقىپ شۇنداق قارىسا، ئۇنىڭ رەڭگى كۆكسىتەك قارا بولۇپ قېلىپتۇ.



1-رەسىم شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانى

دۇنيادىكى ئىرقلارنىڭ تېرە رەڭگىنىڭ ھەر خىل بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىمىش.

دەرۋەقە، بۇ قىزىق رىۋايەت ۋە تەسىرلىك چۆچەك، بۇنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. لېكىن بۇ ھال ئىلىم-پەن تەرەققىي تاپمىغان يىراق قەدىمقى زامانلاردا كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىلىپ بولمايدىغان

بەزىبىر سىرلارنى، مەسىلەن، ئىرقىي پەرقلەرنى بىلىشتە ھامان "قادىر ئاللا"غا ئىلتىجا قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خوش، ئىلىم-پەن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى ھەر خىل ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى زادى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ دۇنيادا نىمە ئۈچۈن ھەر خىل ئىرقلار بولىدۇ؟ ئىرقلار ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەر بار؟ بۇ پەرقلەر قانداق كېلىپ چىققان؟ ئىرقلار ئىلغار ئىرق، قالاق ئىرق دەپ ئايرىلامدۇ؟ ئىرق بىلەن مىللەتنىڭ نىمە مۇناسىۋىتى بار؟...بۇ كىتابچىدا دەل مۇشۇ مەسىلىلەر كىتابخانلارغا بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 1. ئىرق ۋە تېرە رەڭگى

”قەدىمقى شەرقتە ياشار بىر توپ كىشى —
ئەجدىھانىڭ پۇشتى ـ ئەۋلادى تېگى،
كۆزى ھەم چېچى قارا، تېنى سېرىق،
مەڭگۇ ئۆتەر ئەجدىھا نەسلى پېتى.“

«ئەجدىھانىڭ پۇشتى ـ ئەۋلادى» دېگەن بۇ ناخشا كەڭ تارقالغان تەيۋەن ناخشىسى. دۇنيادا ئەجدىھا دېگەن ھايۋان يوق، ئۇنىڭ ئوبرازى نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان ھالدا تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يارىتىلغان. لېكىن ”كۆزى ھەم چېچى قارا، تېنى سېرىق“ دېگەن سۆز مەملىكىتىمىزدىكى ۋە ئاسىيانىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى ئىرقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ چىن تەسۋىرى.

## 1. دەسلەپكى ئايرىش

ئىرق ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىك دېگەن نېمە؟ ئىرق ئادەملەر توپىنى ئايرىشنىڭ بىرلىكى، بىراق ئۇ ئادەملەرنى ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي خاراكتېرى نۇقتىسىدىن ئەمەس، تەن قۇرۇلۇشى

جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن ئايرىش بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئىرقىي ئالاھىدىلىك ئادەمنىڭ تېرە رەڭگى، كۆز رەڭگى، چاچ رەڭگى، باش شەكلى، بۇرۇن شەكلى، يۈز سىياقى، بوي-تۇرقى، پۇت-قولى جەھەتلەردىكى تاشقى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇنىڭغا قان گۇرۇپپىسى، تېتىش سەزگۈسى ۋە رەڭ قارىغۇسىغا ئوخشاش فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرمۇ قوشۇلدى. ئىرقىي ئالاھىدىلىك ئىرسىيەتچانلىقىغا ئىگە، ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قالىدىغان خۇسۇسىيەت، ئۇنىڭغا ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەت تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ يارىدار بولغاندىن كېيىنكى ئىزنالارنىڭ تەسىرى بىلەنمۇ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. سەللە ئوراش، پۇت بوغۇش ياكى بويۇنغا ھالقا سېلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان شەكىل ئۆزگىرىشلىرىنى ئىرقىي ئالاھىدىلىك ھىساپلاشقا بولمايدۇ؛ خەت چېكىلگەن يۈز، گۈل چېكىلگەن بەدەن ۋە بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ ئىككى قاش ئارىسىغا سېلىنىۋالغان بەخت-سائادەت خالىنىمۇ ئىرقىي ئالاھىدىلىك ھىساپلاشقا بولمايدۇ؛ سېمىزلىك، ئورۇقلۇق، مۇسكۇلنىڭ تەرەققىي تېپىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى جىسمانىي ئۆزگىرىشلىرىنمۇ ئىرقىي ئالاھىدىلىك ھىساپلاشقا بولمايدۇ.

ئىرقنىڭ ئايرىلىشى دۆلەت بىلەن مىللەتنىڭ ئايرىلىشىغا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئىرقلارنىڭ جايلىشىشى دۆلەت چېگرىسى ۋە مىللەت ئايرىمىسى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بۇنىڭدىن نەچچە يىللار

www.uyghurkitap.com

بۇرۇن، ئامېرىكىلىق ئىندىئانلاردىن بىرى ئېلىمىزنىڭ شىماللىق-لىرىدا "موڭغۇل مېڭى" بار-يوقلۇغىنى تەكشۈرۈش مەقسىتىدە مەملىكىتىمىزگە كەلگەن ئىدى. موڭغۇل مېڭى موڭغۇللارغا بوۋاق ۋاقتىدا ساغرىسىغا چۈشىدىغان قارا مەڭ بولۇپ، ئۇ تېرىدىكى پىگمېنتنىڭ ئۇيۇپ قېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، بۇ موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئىرسىيەت خاراكتېرلىق بىر خىل ئورتاق ئالاھىدىلىگى دەپ قارىلىدۇ. كۆزىتىش نەتىجىسى مۇنداق بولۇپ چىقتى: موڭغۇل مېڭىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئادەملەر تېنىدە ئومۇمى يۈزلۈك بولۇشى ۋە يۇقۇرى تەكرارلىقتا كۆرۈلۈشىگە ئاساسەن، بۇ ئىندىئان مېھمان ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ئەجداتىنىڭ ئاسيالىق ئىكەنلىگىنى مەمنۇنىيەت بىلەن چىن دىلىدىن ئېتىراپ



2 - رەسىم بىرما پادون قەبىلىلىك بويىنى ئۇزۇن ئايال (بويىنىغا مىس ھالقا سېلىۋالغان)



3 - رەسىم چىكىسىدە بەخت-سائادەت خالى بار ھىندى ئايال



4 - رەسىم كالپۇگى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئافرىقىلىق نېگىر

قىلدى. بۇ پاكىت دەل ئارخېئولوگىيىلىك كەشىپ بىلەن، يەنى بۇنىڭدىن ئون، يىگىرمە مىڭ يىل ئىلگىرى، ئىنددىئانلار ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن بېرىڭ بوغۇزى ئارقىلىق ئامېرىكىغا بارغان، دېگەن تارىخىي ئەقلىي يەكۈن بىلەن تامامەن بىر يەردىن چىقتى.

ئىرقىغا دائىر كۆزىتىش خاتىرىلىرى مەملىكىتىمىزدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە. خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىن باشلاپلا، ئېلىمىز شەرق ۋە غەرب ئەللىرى خەلقى بىلەن دوستانە بېرىش-كېلىش قىلغان ۋە كۆپ ئارىلاشقان. تارىخىي كىتاپ-ھۆججەتلەردە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە تەقى-تۇرقى توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزلۈكىدىنلا ئىرقشۇناسلىق خاتىرىسى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەر ئاستىدىن چىققان نۇرغۇن مەدىنى يادىكارلىقلار ئىچىدىمۇ ھەر خىل ئىرقلارنىڭ بەدىئى ئوبرازى بار. مەسىلەن، تاڭ دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئۈچ رەڭلىك قونچاقلىرى ئىچىدە، غەرب ئىرقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرغۇن "ئەجنەبىي قونچاق"لار بار. ئۇلارنىڭ بۇرنى ئېگىز، چېچى بۇدرە، كۆزى يېشىل، بۇرۇت-ساقىلى سېرىق، قولى ۋە يۈزى ئاقۇش، ئۇلار تاڭ زامانىسىدىكى كىيىم-كېچەك ۋە كۇلا-دۇپپىلارنى كىيگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن بەئەينى ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ. يېقىنقى

www.uyghurkitap.com

يىلـلاردىن بۇيان، شىئەن شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى تاڭ زامانىسىنىڭ بىر قەدىمى قەۋرىستانىدىن قارا ئىرقنىڭ ئالاھىدىلىگىگە ئىگە بولغان يەنە بىر ساپال قونچاق تېپىلدى. قونچاقنىڭ ئېگىزلىگى 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئوبرازى جانلىق. ئۇستى يالىڭاچ، تېرىسى تۇم قارا، چېچى بۇجۇغۇر، بۇرنى پاناق، كالپۇگى قىزىل، ساقال-بۇرۇتى يوق، بۇ ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمىدۇر. تېپىلغان بۇ



5-رەسىم تاڭ دەۋرى قەۋرىسىدىن چىققان ئەجنەبى قونچاق



6-رەسىم تاڭ دەۋرى قەۋرىسىدىن چىققان ئەجنەبى قونچاقنىڭ بېشى



7-رەسىم شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھرىدىكى تاڭ دەۋرى قەۋرىسىدىن چىققان نېگىر ساپال قونچاق

نەرسلەر مەملىكىتىمىزدە ئىرقنىڭ ئاللىبۇرۇنلا كۆزىتىپ خاتىرد-لەنگەنلىگىنىڭ مۇھىم تارىخىي ماتىرىيالىلا ئەمەس، بەلكى مەملىكىتىمىزنىڭ ياۋروپا ۋە ئافرىقا خەلقى بىلەن دوستانە كەلدى-باردى قىلغانلىغىنىڭ تارىخىي ئىسپاتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئوخشاشلا، چەتئەللەردىمۇ ئىرقلارنى كۆزىتىشتىن يېزىپ قالدۇرۇلغان نۇرغۇن قەدىمى خاتىرىلەر تېپىلغان، قەدىمى مىسىر-نىڭ 3 مىڭ يىل بۇرۇنقى قەدىمى قەۋرىستانلىغىدىن تېرە رەڭگى ئوخشاش بولمىغان ئىرقلارنىڭ تام سىزمىلىرى تېپىلغان. مىسىر ياۋروپا، ئاسىيا بىلەن چېگرىداش بولغان شىمالىي ئافرىقىغا جايلاشقان، ئۇلار تام سىزمىلىرىدا، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي رايوند-دىكىلەرنى قارا تەنلىك، مىسىرلىقلارنى قوڭۇر تەنلىك، مىسىر نىڭ شەرقىدىكى ئەرەپلەرنى ساغۇچ تەنلىك قىلىپ، غەربىدىكى لېۋىيىلىكلەرنى ئاقۇش تەنلىك قىلىپ ناھايىتى توغرا سىزغان. مەملىكىتىمىزدىن ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىرقلارنى كۆزىتىشكە دائىر خېلىلا بۇرۇنقى نۇرغۇن خاتىرىلەر تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىرقلارنى سىستېمىلىق ۋە ئىلمىي يوسۇندا ئايرىپ، ئىرقشۇناسلىقنى مەخسۇس بىر پەنگە ئايلاندۇرۇش تېخى يېقىنقى ئىككى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىش.

18-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شۋېتسىيىدە جانلىق-لارنى تۈرگە ئايرىغۇچى لىننې دىگەن مەشھۇر بىر ئالىم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا تەبىئەتكە بەك قىزىققان. ئۇ

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن جايلارغا سەيلىگە بېرىپ، ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىنى تەپسىلى رەۋىشتە كۆپ كۆزەتكەن ۋە ئۇلارنى بىر بىرىگە سېلىشتۇرغان ھەمدە 1735-يىلى «تەبىئەت سىستېمىسى» دېگەن كىتاپنى يېزىپ چىققان، ئۇنىڭدا




8-رەسىم مىسىردىكى قەدىمى قەۋرە تېمىغا سىزىلغان ئادەملەرنىڭ سىزمىلىرى

ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە ئىنسانىيەت ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق ھالدا تۈرگە ئايرىلغان. مۇشۇنداق تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى كىشىلەر ھازىرغىچە قوللىنىۋاتىدۇ. لىنني تۈزۈلۈشى ۋە شەكلى ئوخشاپراق كېتىدىغان جانلىقلارنى ئوخشاش بىر تۈرگە ئايرىـ غان ھەمدە "ئۇرۇق"نى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئاساسىي بىرلىكى قىلغان، ئۇرۇقنىڭ دائىرىسى ۋە تەبىرى ئوخشاش شەكىل

ئالاھىدىلىگىنى ۋە بىللە ياشايدىغان زىمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان-دىن تاشقىرى، يەنە ئۇرۇق دائىرىسىدە ئۆزئارا جۈپلىشىش-ئەۋلات قالدۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، دىمەك، ئۇرۇق كۆپىيىش بىرلىگى قىلىنغان، كۆپىيىش ئايرىمىسى ئۇرۇق بىلەن ئۇرۇق ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق چەك-چېگرا قىلىنغان. مەسىلەن، ئىت بىلەن مۈشۈك ھەم جۈپلىشەلمەيدۇ، ھەم ئەۋلات قالدۇرال-مايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئىككى ئۇرۇقتا تالىق؛ ئېشەك بىلەن ئات جۈپلىشەلەيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولغان خېچىردا نورمال توغۇش ئىقتىدارى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلارمۇ ئىككى ئۇرۇقتا تالىق، پەقەت ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت يېقىنراق، خالاس. مۇشۇنداق تۈرگە ئايرىش تەبىرىگە ئاساسەن، دۇنيادىكى ئىرقلار ئارىسىدا بىرمۇنچە پەرقلەر بار بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان ئىرقلار ئۆزئارا توپلىشالايدۇ ھەمدە ئۇلار پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان شالغۇت نەسلىنى ھاسىل قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئورتاق بىر تۈرگە مەنسۇپ. لىننې بۇ تۈرگە "ئەقلىي ئىرق" دىگەن نامنى قويغان، ئەقلىي ئىرق ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە ئىرق دىگەن مەنىدە. لىننې بۇنداق بىرلىككە كەلگەن ئەقلىي ئىرق ئاستىدا، ئىرقلارنىڭ تېرە رەڭگى ۋە جۇغراپىيىۋى رايونىغا قاراپ، دۇنيادىكى ئىنسان-لارنى يەنە تۆت كەنجى ئىرققا، يەنى تۆت چوڭ ئىرققا ئايرى-غان. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئاسىيادىكى سېرىق تەنلىكلەر؛

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكچى ئادرېسى

ياۋروپادىكى ئاق تەنلىكلەر؛
ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەر؛
ئامېرىكىدىكى قىزىل تەنلىكلەر.

## 2. تېرە رەڭگىنىڭ سىرى

بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل بۇرۇن، لىننې ئىرقىنى ئىلمىي يول بىلەن ئايرىشنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى سالغان ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئىرقلارنى بىر تۇتاش ھالدا ئەقلىي ئىرققا ئايرىش ئۇسۇلى ئىنتايىن ئىلمىي ئۇسۇل بولۇپ، بۇ تا ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئىرقلارنىڭ تېرە رەڭگىنى جۇغراپىيىۋى رايونغا قاراپ ئايرىش ئۇسۇلى تەدبىق قىلىنىش جەريانىدا بىر مۇنچە مەسىلىلەرگە دۇچكەلدى، چۈنكى قىتئەلەرنىڭ ئايرىلىشى بىلەن ئىرقلارنىڭ تېرە رەڭگى بويىچە جايلىششى بىردەك ئەمەس. ئالايلۇق، ئاسىيالىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا تېرە رەڭگى سېرىق ئەمەس، ئافرىقىلىقلارنىڭمۇ ھەممىسىنىڭلا تېرە رەڭگى قارا ئەمەس، ئاق تەنلىكلەرنىڭ جايلىششىمۇ ياۋروپا بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئاھالىسى كۆپ بولغان ھىندىلار ئاسىيادا بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ تېرە رەڭگى ئافرىقىنىڭ شىمالىدىكى ئادەملەرنىڭكىدىنمۇ قاراراق تېخى! ياۋروپانىڭ شىمالىغا جايلاشقان سكاندىناۋىيىدىكى بۇغا باقىدىغان قەبىلە — لاپلار، تېرە رەڭگى جەھەتتىن ئالغاندا، ئاسىيانىڭ


شىمالىدىكى سېرىق تەنلىككە تېخىمۇ يېقىن؛ ئافرىقىنىڭ شىمالىدىكى ئالجىرىيىلىكلەر، مىسىرلىقلارنىڭ تېرە رەڭگى جەنۇبىي ياۋروپادىكى ئىسپانلار ۋە گرېكلارنىڭ تېرە رەڭگى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. لىنىيېنىڭ ئامېرىكىدىكى قىزىل تەنلىكلەر ھەققىدىكى قارىشىمۇ ئاقماي قالدى. چۈنكى ئامېرىكىدىكى يەرلىك ئاھالە — ئىندىئانلارنىڭ تېرە رەڭگى قىزىل ئەمەس، قوڭۇر سېرىق كېلىدۇ، ئۇلارنى قىزىل تەنلىك دەپ قاراش، 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كولۇمبۇ ۋە ياۋروپالىقلار ئامېرىكىغا يېڭى بارغاندا، ئىندىئانلارنىڭ دىنىي پائالىيەتتە بەدىنىنى قىزىل تۇمۇر بوياق بىلەن بويىۋېلىش ئادىتىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. ھازىر مەلۇم بولىدىكى، ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل ئىلگىرى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن ئامېرىكىغا بارغان بولۇپ، ئۇلار ئاسىيادىكى سېرىق تەنلىكلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ئىكەن. بۈگۈنكى ئامېرىكىدا يالغۇز سېرىق تەنلىكلەرلا ئەمەس، بەلكى ياۋروپادىن كەلگەن ئاق تەنلىكلەر ۋە ئافرىقىدىن كۆچۈپ كەلگەن قارا تەنلىكلەرمۇ ياشاۋاتىدۇ، ئۇ ھازىر ئىرقلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ”يېڭى دۇنيا“ بولۇپ قالدى. لىنىي تارىخىي دەۋر بىلەن چەكلەنگەنلىكتىن، ئاھالىسى خېلى بار ئاۋستىرالىيىلىكلەرنى تىلغا ئالمىغان.

بىز تېرە رەڭگىنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، ئىرقلارنىڭ تېرە رەڭگىنى ئىلمىي يول بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئايرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئادەم تېرىسىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ۋە تېرە رەڭگىنىڭ پەيدا بولۇش سىرىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك.

تېرە — بەدەننى قاپلاپ تۇرىدىغان نەرسە، بەدەننىڭ ئاساسىي تەركىۋى قىسىملىرىدىن بىرى. ياش قۇرامىغا يەتكەن ئادەمنىڭ تېرىسى ئېچىلسا 2 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، تېرىنىڭ قېلىنلىقى ئورنىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىللىمېتىر كېلىدۇ، تېرىنىڭ ئومۇمى ئېغىرلىقى بەدەن ئېغىرلىقىنىڭ تەخمىنەن ئون ئالتىدىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ. تېرە ئۈستۈنكى يۈزە قەۋەت ۋە ئاستىنقى ھەقىقى قەۋەت دەپ ئىككى قەۋەتكە ئايرىلىدۇ. يۈزە قەۋەت ئاپتاپ تەككەندىن كېيىن سويۇلۇپ چۈشىدىغان قەۋەتتۇر، ھەقىقى قەۋەت ئەۋرىشىم بىرىكمە توقۇلمىلار ۋە تالالار قەۋىتى بولۇپ، ئۇ تېرە سوزۇلغاندىن كېيىن شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ساقلايدىغان قەۋەتتۇر. ئادەم ياشانغاندا، يۈزىگە قورۇق چۈشىدۇ، مانا بۇ تېرىنىڭ ھەقىقى قەۋىتىنىڭ ئەۋرىشىمچانلىقىنىڭ ناچارلاشقانلى-




9 ـ رەسىم تېرىنىڭ تۈزۈلۈشى

غىنىڭ نەتىجىسىدۇر. تېرىنىڭ رولى سىرتتىن تەككەن نۇر، كۈچ ۋە خىمىيۋى ماددىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىچكى ئەزالارنى زىيان-زەخمەتتىن قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت.

بىر ئادەمنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى، كۆپ ھاللاردا، خىلمۇ-خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۇ پوستلاق توقۇلمىنىڭ نۇر سۇندۇرۇشچانلىقى بىلەن، قىل تومۇرلارنىڭ جايلىشىشى بىلەن، قان مىقدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، لېكىن ئاساسەن رەڭ ماددىسىغا باغلىق بولىدۇ. رەڭ ماددىسى (پىگمېنت) يۇزە تېرە ئاستىدىكى پىگمېنت ھۈجەيرىلىرى ئۇستىدە بولىدۇ، مىكروسكوپ ئارقىلىق كۆزەتكەندە پىگمېنتنىڭ قارا قوڭۇر رەڭلىك ئۇششاق دانىچىلاردىن تەركىپ تاپقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. پىگمېنت قانچىكى كۆپ، قانچىكى قويۇق جايلاشقان بولسا، ئادەم تېرىسىنىڭ رەڭگى شۇنچە قېنىق بولىدۇ؛ پىگمېنت قانچىكى ئاز، قانچىكى شالاڭ جايلاشقان بولسا، ئادەم تېرىسىنىڭ رەڭگى شۇنچە سۇس بولىدۇ. پىگمېنت يۇزە تېرە ئاستىدىكى پىگمېنت ھۈجەيرىلىرىدىن بارلىققا كېلىدۇ. كۆزىتىش ۋە ھېساپلاپ كۆرۈش ئارقىلىق، تېرىسىنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولمىغان ئىرقلارنىڭ پىگمېنت ھۈجەيرىلىرى سانى ئوخشاش بولمايدىغانلىقى، بىر كۋادرات مىللىمېتىر كېلىدىغان دائىرىدە، ئاق تەنلىكلەرنىڭ پىگمېنت ھۈجەيرىلىرى تەخمىنەن مىڭدىن تۆۋەن بولىدىغانلىقى، سېرىق تەنلىكلەرنىڭ 1 مىڭ 300 چە بولىدىغانلىقى، قارا تەنلىكلەرنىڭ بولسا 1 مىڭ 400 دىن كۆپ بولىدىغانلىقى مەلۇم

www.uyghurkitap.com

بولدى.

ئادەم تېرىسىنىڭ رەڭگى مۇقىم ئىرسىيەتچانلىقتا ئىگە بەزىلەرنىڭ تېرىسى، بىر مەھەل ئاپتاپتا قاقلانغاندىن كېيىن پىگمېنت كۆپىيىش ياكى قان تومۇر كېڭىيىپ، قان مىقدارى ئېشىش سەۋەبىدىن، ھەم قارا، ھەم قىزىل بولۇپ قالىدۇ. لېكىن بۇ پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسە، بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەم تېرىسىنىڭ رەڭگى ئىرسى ماددا تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن بولىدۇ، مۇقىم ئىرسى ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ.

ھازىر تېرە رەڭگىنى تىزگىنلەيدىغان ئىرسى ئامىلدىن زادى قانچىسى بارلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن خۇلاسە چىقىرىلمىدى، لېكىن پىگمېنتنىڭ ھاسىل بولۇشىنىڭ خىمىيىۋى جەريانى ئېنىقلاندى. پىگمېنتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ئاساسەن ئاقسىل ماددىسى تىپىدىكى بىر خىل فېرمېنت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇنداق فېرمېنت تىروزىنازا دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ رولى بىلەن ھۆجەيرىدىكى تىروزىن پىگمېنتنىڭ تەركىۋى ماددىسىغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر مۇشۇ فېرمېنت بولمىسا، پىگمېنت ھۆجەيرىلىرى رولىدىن قالىدۇ-دە، پىگمېنت ھاسىل بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ئېرىشكەن ئىرسى ماددىسىدا ئاشۇ فېرمېنت ھاسىل قىلىدىغان ئىرسى ئامىل كەمچىل بولسا، بۇ ئادەم پىگمېنتسىزلىق كېسىلىگە، يەنى ئاقىرىش كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم توغۇلۇشتىلا

پىگمېنت كەم بولغانلىغى سەۋەبىدىن، تېرىسى ۋە چېچى ئاقىرىپ كېتىدۇ، پىگمېنت توساپ تۇرمىغاچقا كۆزى قىزىرىپ قالىدۇ. ئىرسىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە مەلۇماتىدىن قارىغاندا، تەخمىنەن 20 مىڭ ئادەم ئىچىدە تۇغما ئاقىرىش كېسىلىگە گىرىپتار بولىدىغان مۇشۇنداق ئادەمدىن بىرى بولىدىكەن.

پىگمېنت تېرە بىلەن بىللە بەدەننى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. پىگمېنت تېرىنىڭ رەڭگىنى بەلگىلەيدۇ، شۇنداقلا تېرىنىڭ توساقلىق ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ قۇياش نۇرىدىكى ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ بەدەنگە ھەددىدىن ئارتۇق ئۆتۈپ كېتىپ زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشىنىڭ ۋە ئۇلترا قىزىل نۇر ئىسسىقلىغىنىڭ بەدەن ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تېرە رەڭگى ئىچكى ئىرسى ماددىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇياش نۇرىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ۋە تاللىنىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، قۇياش نۇرى كۈچلۈك بولغان ئېكۋاتورغا جايلاشقان ئافرىقىدا ۋە ئىسسىق بەلباغ رايونىدا، پىگمېنتى قويۇق بولغان نېگىرلارنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارى پىگمېنتى شالاڭ بولغان ئاق تەنلىكلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ، كۈچلۈك ئىسسىق نۇرنىڭ چۈشىشى ئازىقىسىدا، تېرە رەڭگى سۇس بولغان ئاق تەنلىكلەردە تېرە راكىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى يۇقۇرىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر يەر شارىنىڭ قاتتىق سوغاق بولىدىغان شىمالىي قىسمىدىكى رايونلاردا، پىگمېنتىنىڭ بەك كۆپ بولۇشى پايدىسىز

www.uyghurkitap.com

ئامىل بولۇپ قالىدۇ، چاۋشيەن ئۇرۇشى مەيدانىدا، نېگىرلار ئاق تەنلىكلەرگە قارىغاندا ئاسان ئۇششۇپ قالاتتى، دەپ مىسال كۆرسەتكۈچىلەرمۇ چىقتى. دېمەك، تېرە رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە جايىنىشى تاشقى مۇھىتنىڭ ئوبدان تاللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئىرقلارنىڭ تېرە رەڭگىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش شارائىتىدا ئۇزاق مۇددەت ياشىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەنە مەسىلەن، قۇياش نۇرىدىكى ئۇلترا بىنەپشە نۇر ئاددى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان قىسقا دولقۇنلۇق نۇر بولۇپ، ئۇ بەدەندىكى ئۇششاق ھۈجەيرىلەرنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، شۇنداقلا بەدەندە ۋىتامىن D نىڭ ھاسىل بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. تېرىدىكى ئالكوھول ماددىلىرى (مەسىلەن، ئېرگوتا) ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ چۈشۈشى بىلەن ۋىتامىن D غا ئايلىنىدۇ، ۋىتامىن D بولسا سۆڭەك توقۇلمىسىنىڭ كالتسىي ۋە فوسفورنى سۈمۈرۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۆڭەك ئۆسۈپ قېتىشىدۇ. ئۇلترا بىنەپشە نۇر يېتەرلىك چۈشۈپ تۇرمىسا، ۋىتامىن D نىڭ ھاسىل بولۇشىغا تەسىر يېتىدۇ-دە، سۆڭەك يۇمشاش كېسەللىكى ۋە راخىت كېسىلى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تېرىسى ئاقۇش بولغان ئاق تەنلىكلەر ھاۋا تولا تۇتۇلىدىغان، ئاسمىنىدا ئاق بۇلۇت دائىم ئەگىپ يۈرىدىغان ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆپچىلىك رايونلىرىنىڭ كىلىماتى بىلەن ئوبدان ماسلىشالايدۇ، ئۇلار تاشقى مۇھىتتىن يېتەرلىك ئۇلترا بىنەپشە نۇر قوبۇل قىلىپ

تۇرىدۇ ـ دە، كېسەللىك ئازىيىدۇ. بوۋاق ئۆسۈش مەزگىلىدە سۆڭەك يۇمشاش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغاندا، دوختۇرنىڭ بالىغا ئاپتاپ كۆرسىتىڭلار دەپ نەسىھەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ يەردە؛ مۇشۇكنىڭ ئاپتاپتا تۈكىنى يالاۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىغان چاغلىرىمىز بولىدۇ، مانا بۇ مۇشۈكنىڭ ئۆز تۈكىدىكى ۋىتامىن D بىلەن ئوزۇقلىنىۋاتقانلىقىدۇر.

تېرە رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىچكى پىگمېنت مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق، پىگمېنت مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشى بولسا تاشقى كۈچلۈك نۇرغا ئۇزاق مۇددەت ماسلىشىپ تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تېرە رەڭگى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئادەم بەدىنىگە سالغان تامغىسى، دىيىشكە بولىدۇ. تېرە رەڭگى ئوخشاش بولمىغان ئىرقلارنىڭ يەر شارىغا جايلىشىشى، بەدەن-دىكى پىگمېنتنىڭ قېنىق ياكى سۇس بولۇش يۇزلىنىشى قۇياش نۇرىنىڭ چېچىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزئارا باغلانغان ۋە ماسلاشقان بولىدۇ. پىگمېنتى كۆپ، تېرە رەڭگى قېنىق بولغانلار ئاساسەن قۇياش نۇرى يېتەرلىك بولغان ئېكۋاتور ئەتراپىدىكى رايونلارغا مەركەزلەشكەن. كەڭلىك گىرادۇسىنىڭ سىلجىشىغا ئەگىشىپ، يەر شارىدىكى ئورۇنلار قۇتۇپقا يېقىنلىشىپ بارىدۇ، كەڭلىك گىرادۇسى قانچىكى يۇقۇرى بولسا، شۇ جاي ئېكۋاتوردىن شۇنچە يىراق بىرلىدۇ، شۇ جايغا قۇياش نۇرى شۇنچە ئاجىز چۈشىدۇ، شۇڭا بۇنداق جايلاردىكى ئادەملەرنىڭ تېرىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

رەڭگمۇ شۇنچە ئاق بولىدۇ. ياۋروپادا، جەنۇبىي ياۋروپالىقلار-
نىڭ تېرە رەڭگى شىمالىي ياۋروپالىقلارنىڭكىدىن قېنىقراق
بولىدۇ؛ شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئاسىيادا، جەنۇبىي ئاسىيالىقلارنىڭ
تېرە رەڭگى شىمالىي ئاسىيالىقلارنىڭكىدىن قېنىقراق بولىدۇ.

## 2. تېخىمۇ كۆپ نۇقتىدىن ئايرىش

ئىرقلارنىڭ تېرە رەڭگىنىڭ قوياش نۇرىغا قاراپ ئۆزگىرىدىغانلىقى ۋە كەڭلىك گىرادۇسىغا قاراپ جايلىشىدىغانلىقى لىننېينىڭ ئىرقلارنىڭ تېرە رەڭگىنى قىتئە-رايونلارغا قاراپ ئايرىغانلىقىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. تېرە رەڭگىدىكى بۇ قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىش لىننېينىڭ ئايرىشىنىڭ تازا توغرا، ئىلمىي ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا ناباپ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر لىننېيچە ئىرققا ئايرىش ئۇسۇلى ئورنىغا دەسسىتىدىغان لايىھە — ئىرققا ئايرىشنىڭ يېڭى لايىھىسى ئۈستىدە يېڭىۋاشتىن ئويلىشىپ كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى.

1775-يىلى، يەنى لىننې ئىرققا ئايرىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، گېرمانىيىلىك ناتۇرالىست ئىنسانشۇناس بلۇمېنباخ ئىرققا ئايرىشنىڭ يېڭى لايىھىسىنى ئېلان قىلدى. بلۇمېنباخ دۇنيادىكى ئىرقلارنى بەش ئىرققا، يەنى نىگرول (دەسلەپتە ئېفىئوپىئان دەپ ئاتالغان)، موڭغۇل، مالاي، ئامېرىكا (دەسلەپتە ئامېرىكانلار دەپ ئاتالغان)ۋە كاۋكاز ئىرقلىرىغا ئايرىدى.

ئۇ نىگرول (بۇ سۆز لاتىنچە Negro دېگەن سۆزدىن

كەلگەن بولۇپ، قارا دىگەن مەنىدە)ئىرقىنى ئەسلىدىكى ئافرى-
قىلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ ئورنىغا قويىدى. بۇ ئىرق ئافرىقىنىڭ
جەنۇبىدىكى نېگىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن تاشقىرى، ئامې-
رىكىدىكى قارا تەنلىكلەرنى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
تارقاق ياشايدىغان قارا تەنلىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان، نىگىرول ئىرقى بىلەن ئاۋستىرالىيىدىكى
قېنىق رەڭلىك ئىرقنى ئېكۋاتور ئىرقى قىلىپ بىرلەشتۈرۈشنى
تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ چىقىۋاتىدۇ. بلۇمېنباخ ئەسلىدىكى
سېرىق تەنلىك ئاسىيا ئىرقى ئورنىغا موڭغۇل ۋە مالاي ئىرقىنى
قويدى. موڭغۇل ئىرقى مەملىكىتىمىزدىكى، ياپونىيىدىكى ۋە
شىمالىي ئاسىيا ھەم شەرقىي ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئىرقلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالدى؛ مالاي ئىرقى جەنۇبىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكياننىڭ
جەنۇبىي ئاراللىرىدىكى ئىرقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بلۇمېنباخ
ئوتتۇرىغا قويغان ئامېرىكا ئىرقى ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالدى. ھازىر ئىندىئانلارنى موڭغۇل ئىرقى بىلەن
بىرلەشتۈرۈپ ئاسىيا-ئامېرىكا ئىرقى قىلىشنى تەشەببۇس قىلى-
ۋاتقانلارمۇ بار. بلۇمېنباخ ئاخىردا كاۋكاز ئىرقىنى ياۋروپادىكى
ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئورنىغا قويدى. كاۋكاز ئىرقى ياۋروپالىقلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن تاشقىرى، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا، ئوت-
تۇرا دېڭىز بويلىرى ۋە شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق رايونلاردىكى
ئاق تەنلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

بلۇمېنباخنىڭ ئىرقىي ئايرىشىدا لىننېينىڭ دەسلەپكى ئايرىشى-

www.uyghurkitap.com


دىكىدىگە قارىغاندا خېلىلا يۇكسىلىش بار، بەزى ئىرقلارنىڭ ئىسىملىرى هازىرغىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ، لېكىن قوللىنىلمايدىغان بولۇپ قالغانلىرىمۇ بار، مەسىلەن، مالاي ئىرقى هازىرمۇ موڭغۇل ئىرقىغا تەئەللۇق بولۇۋاتىدۇ. بلۇمېنباخ ئاۋستراليە ئىرقىنى بۆرۈنقىدەكلا ئېنىق ئايرىمىغان. بلۇمېنباخ ۋە كېيىنكى ئىرقشۇناسلار ئىرقلارنى تېرە رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىگىلا قاراپ ئايرىش ئانچە مۇكەممەل بولمايدىكەن دىگەن ئويغا كەلگەن ئىدى. چۈنكى تېرە رەڭگى ئوخشاش بولمىغان يوروۇقلۇق شارائىتىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىش ياسايدۇ، شۇڭا بىر-بىرلەپ توغرا ئايرىش تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئىرققا ئايرىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى سۈپىتىدە، تېرە رەڭگىدىن تاشقىرى، باشقا ئىرقىي ئالاھىدىلىك ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى.

## 1. ئۆلچەمنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى

ئىرقلارنى تېرە رەڭگى بويىچە ئايرىش جەھەتتە بەزى مەسىلەر كۆرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئىرققا ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى ىلىشقا باشقا ئىرقىي ئالاھىدىلىكنى تاللاشقا باشلىدى. كىشىلەر: ۆلچىگىلى بولىدىغان ئىرقىي ئالاھىدىلىك تېپىپ چىقىلسا اخشى بولاتتى، ئىلمىي سانلىق ئاساس ئىرققا ئايرىشنىڭ ۆلچىمى قىلىنسا تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى، دىگەن

خىيالنى سۇردى. خوش، نىمىنى ئۆلچەش كېرەك؟

1849-يىلى، بەزىلەر ئىرقلارنى باش سۆڭىكىنىڭ شەكلىنى ئۆلچەش يولى بىلەن ئايرىشنى، يەنى قوشۇمىدىن ياستۇق سۆڭىكىنىڭ ئارقىسىغىچە بولغان ئارىلىقنى باشنىڭ ئۇزۇنلۇقى قىلىپ، ئىككى قۇلاق يېنىنىڭ ئارقىسىدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئارىلىقنى باشنىڭ كەڭلىكى قىلىپ، ئاندىن باشنىڭ كەڭلىكىنى ھاسىل قىلغان سانىنى باشنىڭ ئۇزۇنلۇق سانىغا بۆلۈپ، ئۇنىڭدىن چىققان سانىنى باش سۆڭىكىنىڭ كۆرسەتكۈچى (يەنى باش ئۇزۇنلۇقى/باش كەڭلىكى × 100 = باش سۆڭىكىنىڭ كۆرسەتكۈچى) قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆرسەتكۈچى 75تىن تۆۋەن بولغانلىكلەرنى سوقا باش، كۆرسەتكۈچى 80دىن ئېشىپ كەتكەنلىكلەرنى بولسا ياپىلاق باش، كۆرسەتكۈچى 75تىن 80گىچە بولغانلىكلەرنى ئوتتۇرا باش ھېسابلىدى. بۇ ئۇسۇلغا نۇرغۇن ئادەملەر قوشۇلدى، چۈنكى باش سۆڭىكىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆزگەرمەيدۇ، مۇقىم ئىرسى ئاساسىمۇ ئىگە. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى جەنۇبلۇقلار بىلەن شىماللىقلار، تاشقى قىياپىتىدىن قارىغاندا، ئانچە-مۇنچە پەرقى باردەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن نەپسلى ئۆلچەپ كۆرسە،



10-رەسىم باش سۆڭىكىنى ئۆلچەش ئۇسۇلى


ھەر خىل سانلاردىن ئۇلارنىڭ كونكرېت پەرقىنى، تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. ئالدى بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ باش سۆڭىكى مۇشۇ يول بىلەن ئۆلچەپ چىقىلدى، نەتىجىدە، شىمالىي ياۋروپالىقلار ئارىسىدا سوقا باش ئادەملەر جىق ئىكەنلىكى، جەنۇبىي ياۋروپالىقلار ئارىسىدا ياپپاڭ ۋە ئوتتۇرا باش ئادەملەر جىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ ھال ياۋروپانىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىدىكى ئىرقلارنىڭ باش شەكلىدە مەلۇم پەرقىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پەرقنىڭ تېرە رەڭگىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىقلىقىنى ۋە ئوبيېكتىپلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. لېكىن بۇ ئۇسۇل دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ قوللىنىلغاندىن كېيىن بىرمۇنچە مەسىلىلەر كۆرۈلدى. مەسىلەن، غەربىي ئافرىقىدىكى نېگىرلار ئارىسىدىمۇ سوقا باش ئادەملەر جىق چىقتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بېشى شىمالىي ياۋروپالىقلارنىڭ بېشىدىنمۇ سوقىچاق بولۇپ چىقتى. ئۇنداق بولسا، يالغۇز باش شەكلىنىڭ پەرقىگە قاراپ، جەنۇبىي ياۋروپالىقلار بىلەن شىمالىي ياۋروپالىقلارنى ئوخشاش بولمىغان ئىرقلارغا ئايرىغىلى بولامدۇ؟ شۇنداقلا سوقا باش غەربىي ئافرىقىلىقلارنى شىمالىي ياۋروپالىقلار بىلەن بىر ئىرققا ئايرىشقا بولامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، بەدەن شەكلى ۋە باش شەكلى جەھەتتىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر ھايۋاناتلار سىستېمىسىنىڭ جايلىشىشىدا ئالىقاچان بايقالغان ھەم مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈلگەن ئىدى. ئەسلىدە جۈغى ئوخشاش بولغان جانلىقلارنىڭ ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا ياشايدىغانلىرى ھامان ئىنچىكە-ئۇزۇنچاق

بولۇپ قالىدۇ، بۇ هال ئۇلارنىڭ ئىسسىقلىق تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق بولىدۇ؛ سوغاق كىلىماتلىق رايونلاردا ياشايدىغانلىرى بولسا يىغىنچاق ھەم تومپاي بولۇپ قالىدۇ، بۇ هال ئۇلارنىڭ ئىسسىقلىقنى ساقلىشىغا پايدىلىق بولىدۇ. بۇ پىرىنسىپ ئىرقلاردىكى دەسلەپكى ئۆزگىرىشلەرگىمۇ باپ كېلىدۇ، باش شەكلى، بويى ۋە قول-پۇتى جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەر تاشقى كىلىمات مۇھىتىغا ئۇزۇن مۇددەت ماسلىشىش داۋامىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن.

ئارقىدىنلا، كىشىلەر بۇرۇنىنىڭ شەكلىگە قىزىقتى. 19-ئەسىردە، فرانسىيىلىك ئىنسانشۇناس توپىنارد ئادەم بۇرنىنىڭ شەكلى ۋە كەڭلىگىنى ئۆلچىدى ۋە كۆزەتتى ھەمدە بۇرۇننىڭ كەڭ-تارلىق كۆرسەتكۈچىنى تېپىپ چىقتى. ئوتتۇراھال بۇرۇن كۆرسەتكۈچىنى ئوتتۇراھال بۇرۇن تىپى قىلدى، بەھۇدە ئىگىز بۇرۇن كۆرسەتكۈچىنى كەڭ بۇرۇن تىپى، زىيادە تۆۋەن بۇرۇن كۆرسەتكۈچىنى تار بۇرۇن تىپى قىلدى. ئۆلچەش نەتىجىسىدە، ياۋروپالىقلارنىڭ كۆپىنچىسى تار بۇرۇن تىپىگە مەنسۇپ، ئافرىقىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى كەڭ بۇرۇن تىپىگە مەنسۇپ، ئاسىيانىڭ كۆپچىلىك رايونلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ تولىسى ئوتتۇرا بۇرۇن تىپىگە مەنسۇپ بولۇپ چىقتى. لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلچەپ چىققاندىن كېيىن، كىشىلەر كەڭ بۇرۇنلۇقلارنىڭ ھەرقايسى قىتئەدە كۆپلەپ مەۋجۇت ئىكەنلىگىنى بىلىپ، بۇنىڭغا ئەجەپلەندى. ئەسلىدە بۇرۇن شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ

ئىرقىنىڭ ماسلىشىش خاراكتېرلىق بىر خىل ئىرقىي ئالاھىدىلىگى ئىدى.

بۇرۇن بوشلۇغى ھاۋانىڭ ئادەم تېنىگە كىرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن چىقىدىغان يولى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ شۇمۇرۇلگەن ھاۋانىڭ نەملىگى ۋە تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ۋە چاڭ ـ توزاڭنى تازىلاش رولى بار. سوغاق ھەم قۇرغاق رايونلارنىڭ ھاۋاسىغا تار ھەم ئۇزۇنراق كەلگەن بۇرۇن ئوبدان ماسلىشالايدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسسىق ھەم نەم رايونلاردا كەڭ ۋە قىسقا كەلگەن بۇرۇن ئىسسىق ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ۋە ئۇنى تارقىتىشقا ئوبدان ماسلىشالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ بۇرۇنلۇقلار ئىسسىق بەلباغدىكى ئافرىقىدەك، ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدەك، ئاۋستىرالىيە ۋە ئامېرىكىدىكى برازىلىيىدەك ئېكۋاتورغا جايلاشقان رايونلارنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇچرايدۇ، تار ۋە ئۇزۇنراق بۇرۇنلۇقلار بولسا ياۋروپانىڭ شىمالىي رايونلىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ تار بۇرۇنلۇقلار ئاسىيانىڭ ئەڭ شىمالىي رايونىدىكى سوغاق بەلباغدا ياشاۋاتقان ئىسكىمولار (ھازىر ئىنئۇنلار دەپ ئاتىلىدۇ)دۇر.



تۈز چاچ    بۇدرە چاچ    بۇجۇغۇر چاچ

11 ـ رەسىم چاچنىڭ شەكلى

19 ـ ئەسىردە، گېرمانىيىلىك مەشھۇر بىئولوگ ھېكېل چاچنىڭ


شەكلى ۋە تىپى ئىرققا ئايرىشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى. ئۇ ئاسىيادىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ چېچى ئومۇمەن تۈز بولىدىغانلىغىنى؛ ياۋروپالىقلارنىڭ چېچى بۇدرە بولىدىغانلىغىنى، ئافرىقىلىقلارنىڭكى بولسا كۆپىنچە قويۇق بۇجۇغۇر بولىدىغانلىغىنى بايقىدى. كۆپ يىللىق تەتقىقات ئارقىلىق، چاچنىڭ شەكلى چاچ غولىنىڭ كەسمە يۈزىنىڭ شەكىل ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىگى ئېنىقلاندى.

ئادەمنىڭ چېچى ۋە تۈكى يۈزە تېرىنىڭ ئىچكىرى قەۋىتىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغانلىغى ئۈچۈن، بەزىلەر چاچ-تۈكلەرنى شەكلى ئۆزگەرگەن تېرە دەپ قارايدۇ. چاچ-تۈكلەرنىڭ رەڭگى تېرە ئىچىدىكى پىگمېنت ماددىسىنىڭ قويۇقلىشىشىغا باغلىق. چاچ-تۈكلەرنىڭ تەكتى چىن تېرىسىگە قاراپ سوزۇلغان شارسىمان تۈك خالتىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، تۈك غولى تۈك خالتىسىدىن ھاسىل بولىدۇ ھەمدە ئۈزلۈكسىز تۈردە بەدەننىڭ سىرتىغا قاراپ ئۆسىدۇ. ئەگەر ئۇ بەك ئۇزۇن ئۆسسە، ئوزۇقلۇق ماددىدىن يىراقلىنىشىپ كېتىدۇ-دە، ئۆسمەي تۈگىشىدۇ. ئادەم ياشانغاندا، تۈك غولى ياخشى ئۆسمەيدۇ، بەزىدە تۈك غولىدا قاپارتما پەيدا بولىدۇ-دە، چاچ ئاقۇش بولۇپ قالىدۇ. تۈك غولىنىڭ مەلۇم ھاياتلىق دەۋرى بولىدۇ، ئۇ ئادەتتە ئىككى، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۈزلۈكىدىن چۈشۈپ، يېڭىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ. لېكىن تۈك خالتىسى نېكروزلىنىدىغان ياكى قان تەمىنلەيدىغان ئوزۇقتىن ئايرىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇزاققىچە

چاچ توختىماي چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى چاچ-تۈك چىقمايدۇ. بەدەن بويىچە بەش مىليون تۈك خالتىسى بولۇپ، باشتا تەخمىنەن 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈك خالتىسى بولىدۇ. چاچ-تۈكلەرنىڭ شەكلى ئاساسەن تۈز، بۈدرە ۋە بۈجۈغۈر دەپ ئۈچ تىپقا بۆلۈنىدۇ، چاچ-تۈكلەرنىڭ شەكلىگە تۈك غولىنىڭ كەسمە يۈزىدىكى ئۆزگىرىش تەسىر يەتكۈزىدۇ. تۈك غولىنىڭ كەسمە يۈزى ئىككى قەۋەت ھۈجەيرىلەر ۋە بىر مەركىزىي ماددىدىن تەركىپ تاپقان بولىدۇ. دېمەك، سىرتقى قەۋەتنى بىلىق قاسىرقىدەك مۈڭگۈز قەۋەت، ئىچكى قەۋەتنى بولسا يۇمشاق ھۈجەيرىلەر قەۋەتتى ۋە ئوتتۇرىدىكى ئىلىك بوشلۇقىدىن ئىبارەت. تۈك غولىنىڭ كەسمە يۈزى يۇمۇلاق بولسا، ئادەتتە چاچ-تۈكلەر تىك بولىدۇ؛ تۈك غولىنىڭ كەسمە يۈزى سوقىچاق بولسا، چاچ-تۈكلەر بۈدرە بولىدۇ؛ تۈك غولىنىڭ كەسمە يۈزى ياپىلاق بولسا، چاچ-تۈكلەر بۈجۈغۈر بولىدۇ. بەزىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: چاچ بۈجۈغۈر كەلسە، ئۇ ھاۋانىڭ ساقلىنىشىغا پايدىلىق بولىدۇ، كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا ئىسسىقلىقنى ئۆتكۈزمەي، باشنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا يالغۇز ئىسسىق بەلباغدىكى ئافرىقىلىقلارنىڭلا چېچى بۈجۈغۈر بولۇپ قالماستىن، بەلكى تېچ ئوكيانىنىڭ جەنۇبىي ئاراللىرىدىكى ئادەملەرنىڭ، مەسىلەن، يېڭى گىۋىنىيە، مېلانېزىيە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردىكى ئادەملەرنىڭمۇ بۈجۈغۈر بولىدۇ؛ ئاسىيانىڭ كۆپچىلىك رايونلىرىدىكى ئادەملەرنى

www.uyghurkitap.com

ھساپقا ئالىنغاندا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ۋە ياۋروپانىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ چېچى تىك بولىدۇ؛ يالغۇز ياۋروپانىڭ كۆپچىلىك رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ چېچى بۇدرە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ھال ئاۋستىرالىيىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ.





12-رەسىم بەدەندىكى چاچ-تۈكلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى (سانتىمېتىر)

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەمنىڭ كۆز شەكلى، كۆز رەڭگى، قۇلاق شەكلى جۇملىدىن قۇلاق كىرىگە ئوخشاش ئۆلچىگىلى بولىدىغانلىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئىرقىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

كۆز شەكلىنى ئالساق، موڭغۇللارنىڭ كۆز قاپىقىدىكى ئىچكى قاتلاق ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى دەپ قارىلاتتى. ئىچكى قاتلاق دېگەندە قاپاقتىكى تېرە قاتلىغى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ كۆزنىڭ ئىچكى بۇرجىكىنى قاپلىغانلىقى ئۈچۈن، سەل سىرتقا قىسايغان شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇمۇ پەقەت موڭغۇللارنىڭ كۆزىدە بولىدۇ دەپ قارىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، "موڭغۇل

قاتلىغى" دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى بۇشمېنلارنىڭ كۆزىدىمۇ مۇشۇنداق موڭغۇل قاتلىغى بارلىغى بايقالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى ئىرقنىڭ قانداشلىق جەھەتتە بىرەر باغلىنىشى بارلىغى ھازىرغىچە ئېنىقلانغىنى يوق. ئالىملار بۇ پاكىتنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئۇلار جۇغراپىيىۋى مۇھىتى بىر بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قۇم-بوران كۆپ بولغان رايوندا ياشايدۇ، شۇڭا ئۇلاردا ئورتاق ھالدا "موڭغۇل قاتلىغى" ھاسىل بولغان؛ "موڭغۇل قاتلىغى" كۆزنى قوغداشقا پايدىلىق بولغان بىر خىل ماسلاشما ھالەت ھېساپلىنىدۇ.

كۆز رەڭگىگە كەلسەك، دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ كۆز رەڭگى كۆكۈش، قارامتۇل قوڭۇر ۋە باشقا رەڭلىك بولىدۇ. كۆز رەڭگىمۇ ئورگانىزىمدىكى پىگمېنت ماددىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. كۆكۈش كۆز رەڭگىنى ئالساق، ئەسلىدە كۆزنىڭ رەڭدار پەردىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا پىگمېنت بولمايدۇ، بۇ پەردىنىڭ كېيىنكى قىسمىدىلا پىگمېنت بولىدۇ، بۇ پىگمېنت قارامتۇل قوڭۇر بولىدۇ، ئۇنىڭ كىشىلەرگە كۆكۈش كۆرۈنۈشى سىرتقى نۇرنىڭ رەڭدار پەردىدىكى سۇنۇشى، خالاس. كۆز رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ تېرە رەڭگىگە ئوخشاشلا، سىرتقى مۇھىت بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كۈن نۇرى يېتەرلىك چۈشىدىغان ياكى يورۇقلۇقنىڭ سۇنۇشى كۈچلۈك بولغان قۇملۇق ۋە قارلىق دەشتلەردە، قېنىق كۆز رەڭگى خۇددى قارا كۆزەينەك



A B

13-رەسىم ياۋروپالىقلار (A، كۆز قاتلىمى يوق) بىلەن موڭغۇللار (B، كۆز قاتلىمى بار)نىڭ كۆزىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

تاقىغاندەك، كۆزنى مەلۇم دەرىجىدە قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. خىرەرەك قىزىل نۇر شارائىتىدا، سۇس پىگمېنتلىق كۆزنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى قېنىق پىگمېنتلىق كۆزنىڭكىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر چىشىنىڭ شەكلىنىمۇ ئىرقنى ئايرىشنىڭ ئاساسى قىلغان ئىدى. مەسىلەن، كۆرەكسىمان ياپىلاق كەلگەن يۇقۇرقى ئۇدۇل چىش سېرىق تەنلىك موڭغۇل ئىرقى ئىچىدە ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدۇ، مەملىكىتىمىزدە ئۇنىڭ نىسبىتى تەخمىنەن 90 پىرسەنتكە يېتىدۇ، قارا تەنلىكلەر ۋە ياۋروپا ئىرقى ئىچىدە ئۇنىڭ نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. كىشىلەر قۇلاق كىرى ۋە بەدەن پۇرىقىنىمۇ ئىرقنى ئايرىشنىڭ ئاساسى قىلغان ئىدى. قۇلاق كىرى تېرە ياغ بەزلىرى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇ ئاچچىق بولىدۇ، ئۇ قۇلاقنى كىچىك قۇرۇتلارنىڭ كىرىپ كېتىشىدىن ساقلاپ، قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرنىڭ قۇلاق كىرى بوز رەڭ، قۇرغاق بولىدۇ، پۇرىقى كۈچلۈك بولمايدۇ؛ قارا ۋە ئاق تەنلىك-

لەرنىڭ قۇلاق كىرى قارامتۇل قوڭغۇر، نەم ۋە شىلىمسىمان بولىدۇ. ئادەمنىڭ بەدەن پۇرىغى بولۇپمۇ قولتۇق سېسىق پۇرىدىغى ئاق تەنلىكلەردە ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ، سېرىق تەنلىكلەردە ھەممىدىن ئاز بولىدۇ، ئادەتتە قولتۇغى سېسىق پۇرايدىغان ئادەملەرنىڭ قۇلاق كىرىمۇ شىلىمسىمان بولىدۇ.

ئىرقىي ئايرىشتا ئاساس قىلىنغان يۇقۇرقى خىلمۇ-خىل ئىرقىي ئالاھىدىلىكلەر بىر بىرىنى تولۇقلايدىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە ئۆزئارا گىرەلەشكەن بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل جايلاشقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىدىن قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىچكى باغلىنىشنى تېپىش تەس. مەسىلەن، باش شەكلىگە قاراپ، تېرە رەڭگى بىر بىرىگە ئوخشمايدىغان شىمالىي ياۋروپالىقلار بىلەن غەربىي ئافرىقىلىقلارنى بىر ئىرققا ئايرىشقا بولىدۇ؛ چاچ شەكلىگە قاراپمۇ، ئوخشاشلا بۇدرە چاچلىق ياۋروپالىقلار بىلەن ئاۋستىرالىيىلىكلەرنى بىر ئىرققا ئايرىشقا بولىدۇ؛ ياپونىيىنىڭ شىمالىدىكى ئىپتىدائىي ئاھالە بولغان ئائىنۇلار تېرە رەڭگى بويىچە سېرىق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ، ئەمما ئۇلارنىڭ قويۇق بۇجۇغۇر چېچىغا قاراپ، ئۇلارنى ياۋروپالىقلار بىلەن بىر ئىرققا ئايرىشقىمۇ بولىدۇ. كىشىلەر ئىرقلارنىڭ خىلمۇ-خىل مۇرەككەپ خۇسۇسىيەتلىرىگە دۇچكېلىپ، ئىرقنى ئېنىق ئايرىش تەس ئىكەن دېگەن ئويغا كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئەستايىدىل خۇلاسىلەش ئارقىلىق، تېرە رەڭگى، باش، بۇرۇن، كۆز ۋە چاچ شەكىللىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ

ھەممىسى ئورگانىزىمنىڭ تاشقى خۇسۇسىيەتلىرى ئىكەنلىكىنى، دىمەك، ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەمدە تاشقى مۇھىتنىڭ خىلمۇ-خىل تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان تاشقى خۇسۇسىيەتلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنداق بولسا، ئىرقىي ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشقا بولىدىغان ئالاھىدىلىكنى — مۇھىت تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان ئىچكى ئالاھىدىلىكنى يەنى غەيرى ماسلاشما ئالاھىدىلىكنى تېپىشقا بولامدۇ؟



14 ـ رەسىم ئائىنۇ

## 2. ئىچكى ئالاھىدىلىك — قان گۇرۇپپىسى

ئادەم زىيادە قانسىراپ كەتسە، ئۇنىڭغا قان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، لېكىن بەزىدە ئۇنىڭدىن تەتۈر نەتىجە چىقىدۇ — بىمار سىرتتىن كەلگەن قاننى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆلۈپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كىشىلەرنىڭ قېنى قارىماققا ئوخشاشتەك قىلىسمۇ، ئەمما ئۇ گۇرۇپپا جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بىمارغا ئۆز قېنىغا يات گۇرۇپپىلىق قان بېرىلسە، قان ئاسان قېتىپ قالىدۇ-دە، ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. 1909 ـ يىلى، ئاۋستىرىيىلىك تىببى ئالىم لاندىستېينېر بۇنىڭ سىرىنى ئاچقان ھەمدە قاننىڭ

گۇرۇپپىغا ئايرىلىشنى قان بېرىش تېخنىكىسىغا تەتبىق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن، ئوخشاش بولمىغان قان گۇرۇپپىسىدىكى قانلارنىڭ بىر بىرىگە بېرىلىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان خەۋپىنىڭ ئالدى ئېلىنغان. لاندىستېينېر مۇشۇ تۆھپىسى بىلەن 1930 - يىلى نوبېل تىبابەتچىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. لېكىن قان گۇرۇپپىسىنىڭ ئېنىقلىنىشىدىن تارتىپ ئۇنىڭ تىبابەتچىلىكتە تەتبىق قىلىنىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغىچە 50 يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ پاكىت شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تەبىئەت قانۇنىيىتىنى ئېچىش ۋە تونۇش مەقسەت قىلىنغان ئاساسى نەزىرىيىنى كىشىلەر بىر مەھەل چۈشەنمىگەن ۋە تەتبىق قىلمىغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇ كەلگۈسى ئۈچۈن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

تالاي كىشىلەر ئىرقنى قان گۇرۇپپىسىدىن پايدىلىنىپ ئايرىشقا زور ئۈمىت باغلىدى. چۈنكى قان ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قان گۇرۇپپىسى بىر خىل "يوشۇرۇن" ئالاھىدىلىك، ئۇ بەدەننىڭ تاشقى خۇسۇسىيەتلىرىگە، مەسىلەن، تېرە رەڭگىگە ئوخشاش، تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئادەمنىڭ قان گۇرۇپپىسى A، B، AB ۋە O دىن ئىبارەت تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىلدى. A گۇرۇپپىلىق قان B گۇرۇپپىلىق قانغا ئارىلاشقاندىن كېيىن قېتىپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى بىر بىرىگە بېرىشكە بولمايدۇ؛ O گۇرۇپپىلىق قاندا A ياكى B ئانتىگېن بولمايدۇ، شۇڭا ئۇ باشقا گۇرۇپپىدىكى قانلار بېرىلگەندىن

كېيىن قېتىپ قالمايدۇ؛ AB گۇرۇپپىلىق قاندا A ئانتىگېنى ۋە B ئانتىگېن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى باشقا قان گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغان كىشىلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قان گۇرۇپپىسى ئوخشاش بولغان كىشىلەر بىر بىرىگە ئاز مىقداردا قان بەرگەندىن كېيىنمۇ قاننىڭ قېتىپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بەردى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، Rh، MN گە ئوخشاش تېخىمۇ مۇرەككەپ قان گۇرۇپپىلىرىمۇ بارلىقى ئېنىقلاندى.

ئەمدى بىز ئوخشاش بولمىغان قان گۇرۇپپىلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى. ئەگەر مەلۇم بىر رايوندىكىلەر ياكى مەلۇم بىر توپ ئادەملەرنىڭ قان گۇرۇپپىسى پەقەت بىر خىللا بولۇپ، ئۇنىڭغا باشقا قان گۇرۇپپىلىرى ئارىلاشمىغان بولسا، كىشىلەر ئېيتقاندەك، "قانداشلىقنى قان بويىچە ئىسپاتلاش ۋە تەكشۈرۈش" مۇمكىن بولسا، ئۇ ھالدا، ئىش ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغان بولاتتى. بىراق تەھلىل نەتىجىسى ۋە سانلىق مەلۇمات شۇنى كۆرسەتتىكى، دۇنيادىكى ئىرقلار ئارىسىدا سېنىڭكىدە مەن بار، مېنىڭكىدە سەن بار دېگەندەك ئەھۋال مەۋجۇت، تۆت خىل قان گۇرۇپپىسى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، پەقەت ئۇنىڭ نىسبىتى ئوخشىمايدۇ، خالاس. ياۋروپالىقلار ئارىسىدا A ۋە O قان گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھەممىدىن كۆپ، B قان گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئاز؛ ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ئىچىدە O قان گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھەممىدىن كۆپ، A ياكى B قان گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئاز؛ ئاسىيا رايونىدىكىلەر

ئېھدە B قان گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھەممىدىن كۆپ، ئۇ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان ھالدا ھەر تەرەپكە كېڭەيگەن، ئۇنىڭ تەكرارلىغى پەيدىن-پەي تۆۋەنلەپ بارىدۇ؛ ئاۋستراليە رايونىدىكىلەر ئاساسەن A، O قان گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ؛ ئافرىقىدىكى نېگىرلارنىڭ تولىسىمۇ A، B قان گۇرۇپ-پىسىغا كىرىدۇ. كۆزى كۆك، چېچى سېرىق بولغان، A قان گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان ياۋروپالىق ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئوخ-شاشلا A قان گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان ئافرىقىلىق نېگىرلار ياكى ئاۋستىلىكلەر بىر بىرىگە قان بەرسە بولىدۇ، قان قېتىپ قالماي-دۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ئىرقىدىكى قان گۇرۇپپىسى ئوخشاش بولمىغان يېقىن تۇققىنىنىڭ ھەرقانداقىغا قان بەرسە بولمايدۇ. بۇ پاكىتقا ئاساسەن، قان گۇرۇپپىسى ئايرىمىسىنىڭ ئىرقلارنى ئايرىشتا قانچىلىك ئەھمىيىتى باردۇر؟ دېگەن سوئالنى قويماي تۇرالمايمىز.

دەرۋەقە، قان گۇرۇپپىسى ئىرسىيەتلىك بولىدۇ، قان گۇرۇپ-پىسىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەتنى پەرق ئېتىشتە مەلۇم رولى بارلىغىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇ "قانداشلىقنى قان بويىچە ئىسپاتلاش"تا ئەمىلىي قىممەتكە ئىگە. مەسىلەن، قان گۇرۇپپى-سى A بولغان ئانا قان گۇرۇپپىسى B بولغان بىر بالا تۇققان بولسا، بالىنىڭ دادىسى چوقۇم B گۇرۇپپىلىق (جۈملىدىن B ۋە AB گۇرۇپپىلىق) قان تەركىۋىگە ئىگە كىشى بولىدۇ. ئەگەر دادىسىنىڭ قېنى O ياكى A گۇرۇپپىلىق بولىدىغان بولسا، ئۇ

www.uyghurkitap.com

ھالدا، قان گۇرۇپپىسى B بولغان بۇ بالا بىلەن قان گۇرۇپپىسى O ياكى A بولغان بۇ ئاتا ئوتتۇرىسىدا جەزمەن ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋەت بولمايدۇ. دېمەك، تۇققانلارنىڭ قان گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىرسىيەت قانۇنىيىتىدە قاتتىق بويى سۇنىدۇ. لېكىن يۇقىرىقى پاكىتلار پەقەت تۇققان ئەۋلاتلارنىڭ ئۆزىنى ئايرىش ۋە تەكشۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، خالاس.

بۈگۈنكى كۈندە قان گۇرۇپپىسىنىڭ سىرىنى بىئوخىمىكلار ئېچىپ تاشلىدى. قان گۇرۇپپىسى دېگەندە ئادەم بەدىنىدىكى قىزىل قان ھۈجەيرە پەردىسىدىكى پولىساخارىتنىڭ خىمىيىۋى تەركىبىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پولىساخارىتنىڭ تۈرى خىلمۇ-خىلمۇ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەمنىڭ قان گۇرۇپپىسىمۇ بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق پولىساخارىت قان گۇرۇپپىسى ماددىسى دەپ ئاتىلىدۇ. پولىساخارىت ئادەم بەدىنىدىكى خىمىيىۋى رېئاكسىيىسى ئىنتايىن سېزىمچان بىر خىل ماددا ھېساپلىنىدۇ، ئۇ ئوخشاش بولمىغان قان گۇرۇپپىسى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئانتېتېلار رېئاكسىيىسىنى پەيدا قىلىدۇ-دە، بىرىلگەن قىزىل قان دانىچىلىرىنى كۆپلەپ ئېرىتىۋېتىدۇ ۋە بۇزۇۋېتىدۇ، ئېغىرراق بولغاندا، ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگىمۇ سەۋەپ بولىدۇ. تەتقىق قىلىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، پولىساخارىت — قان گۇرۇپپىسى ماددىسى قاندىلا ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ باشقا ھۈجەيرىلىرىدە، ھەتتا چاچ، تەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بىز ماۋاگدۇي دېگەن

يەردىكى خەن دەۋرىگە خاس قەدىمقى قەۋرىدىن چىققان بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى ئايالنىڭ قېنىنىڭ A گۇرۇپپىلىق ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدۇق؟ ئۇنىڭ چېچىنى تەكشۇرۇپ بىلدۇق. يېقىندا، ئىچكى موڭغۇلدا قېزىۋېلىنغان بۇنىڭدىن 900 يىل ئىلگىرىكى كىدان مىللىتىدىن بولغان ئايالنىڭ قېنىنىڭ B گۇرۇپپىلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ چېچىدىكى قان گۇرۇپپىسى ماددىسىنى تەكشۇرۇپ بىلدۇق.


قان گۇرۇپپىسى ئايرىمىسى گەرچە ئىرقىي پەرقىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەر قان گۇرۇپپىسى ئايرىمىسى ھامان مەلۇم مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ دەپ قارايدۇ. قان گۇرۇپپىلىرىنىڭ دۇنيادىكى ئىرقلار ئارىسىدا مەلۇم جايلىشىش مەركىزى بار، قان گۇرۇپپىسى تەكرارلىغىنىڭ جايلىشىشىمۇ مەلۇم قانۇنىيەتكە ئىگە. ياۋروپا، ئاۋستىرالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ئارىسىدا A گۇرۇپپىلىق قان تەكرارلىغى ھەممىدىن يۇقۇرى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئادەملەر ئارىسىدا B گۇرۇپپىلىق قان تەكرارلىغى ھەممىدىن يۇقۇرى؛ جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ئارىسىدا O گۇرۇپپىلىق قان تەكرارلىغى ھەممىدىن يۇقۇرى، B گۇرۇپپىلىق ۋە A گۇرۇپپىلىق يوق دېيەرلىك. شۇڭا بەزى كىشىلەر: ئەڭ دەسلەپتە مەلۇم ئىرق رايونىدا مەلۇم قان گۇرۇپپىسىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، كېيىن باشقا قان گۇرۇپپىلىرى ئارىلىشىپ قالغان، دىگەن ئەقلىي

يەكۈننى چىقاردى. دەرۋەقە، بۇ بىر ئەقلىي يەكۈن، بۇنى ئىسپاتلايغان تارىخىي ماتېرىيال يوق. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقات شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قان گۇرۇپپىسى مەلۇم كېسەلنىڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، گەرچە ئۇ ئىرقلارنىڭ تېرە رەڭگىگە ئوخشاش، ئاپتاپ ۋە كىلىماتنىڭ تەسىرىدىگە ئۇچرىمىسىمۇ، لېكىن كېسەللىك قانۇنىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇمۇ بىر خىل ماسلاشما ئالاھىدىلىكنىڭ ئىنكاسى.

ئىلگىرى بىر ئادەم كېسەللىك قانۇنىيىتى نۇقتىسىدىن مۇنداق بىر ئەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان: قېنى A گۇرۇپپىلىق بولغان ئادەملەرنىڭ ئاشقازان راكى كېسەللىكىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزراق بولىدىكەن، يەنى ئۇلاردا بۇ كېسەلنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى باشقا قان گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە قارىغاندا 20% يۇقۇرى بولىدىكەن؛ قېنى O گۇرۇپپىلىق بولغان ئادەملەرنىڭ ئاشقازان راكى كېسىلىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈكرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى كېسىلىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزراق بولىدىكەن، يەنى ئۇلاردا بۇ كېسەلنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى باشقا قان گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە قارىغاندا 40% يۇقۇرى بولىدىكەن. يەنە بەزىلەر: B گۇرۇپپىلىق قان چېچەك كېسىلىنىڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا B گۇرۇپپىلىق قان تەكرارلىغىنىڭ يۇقۇرىراق بولۇشى ئۇنىڭ شۇ رايوندا تارقالغان چېچەك كېسىلىگە قارشى تۇرۇشى ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك

بولغانلىغىدىن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىماقتا. ئافرىقىدا كۆرۈلى-
دىغان ئورغاقسىمان قان گۇرۇپپىسلىق كەمقانلىق كېسەلى
بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مىسال بولىدۇ.

ئافرىقىنىڭ غەربىي رايونلىرىدا قىزىل قان دانچىسىنىڭ
ساغلام يېتىلمەسلىگى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل
كەمقانلىق كېسلى بار، بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ
قىزىل قان دانچىسى نورمال ئادەمنىڭكىدەك تەخسىسىمان بولماستىن،



**15-رەسىم ئورغاقسىمان قان دانچىسى (5 مىڭ ھەسسە چوڭايتىلغان)
ۋە نورمال قان دانچىسى (10 مىڭ ھەسسە چوڭايتىلغان)**

ئورغاقسىمانراق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئورغاقسىمان قىزىل
قان دانچىسى كەمقانلىق كېسلى دەپ ئاتىلىدۇ. ئافرىقىدىكى
نېگىرلار ئارىسىدا بۇنداق كېسەللىك سەۋەپچىسىنىڭ تەكرار-
لىنىش ئېھتىمالى يۇقۇرى بولىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئافرىقىدى-
كى نېگىرلار ئارىسىدا ھەر ئۈچ ئادەمنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق
كېسەللىك سەۋەپچىسى بولىدىكەن، ئامېرىكىدىكى نېگىرلار
ئارىسىدىمۇ بۇنداق كېسەللىك سەۋەپچىسىنى ئېلىپ يۈرگۈچىلەر
مەلۇم نىسبەتنى تۇتىدىكەن. نېمە ئۈچۈن بۇنداق كېسەللىك

سەۋەپچىسى بولغان پايدىسىز ئامىل شۇنداق ئۇستۇن تەۋەققىياتقا ئېرىشكەن؟ تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئورغاقسىمان قىزىل قان دانچىسى كەمقانلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ياكى تېنىدە مۇشۇ كېسەللىك سەۋەپچىسى بار ئادەملەر ئافرىقىدا كەڭ تارالغان ئەجەللىك كېسەل — بەزگەك كېسىلىگە نىسبەتەن ناھايىتى كۈچلۈك قارشىلىق كۈچىگە ئىگە ئىكەن. پاشا، بەزگەك ئەۋج ئالغان ئىسسىق بەلباغلىق ئافرىقىدا ئىلگىرى بەزگەك كېسىلى نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاياتىغا زامىن بولغان ئىدى، ياۋروپالىقلار بۇ يەرنى "ئاق تەنلىكلەرنىڭ گۆرى" دەپ ئاتىغان ئىدى، چۈنكى 19-ئەسىردە بىرمۇنچە ياۋروپالىقلار مۇشۇ يەردە بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلگەن ئىدى. لېكىن ئورغاقسىمان قىزىل قان دانچىسى كەمقانلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەملەر بەزگەك كېسىلى ئەۋج ئالغان جايدىمۇ خۇددى تېنىدە بەزگەك كېسىلىگە قارشى تۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە كۈچ بار كىشىدەك، ئۇنىڭغا گىرىپتار بولماستىن، ئەكسىچە ساق-سالامەت يۈرۈۋەرگەن ئىدى. ئافرىقىدىكى نېگىرلار ئارىسىدا ئورغاقسىمان قىزىل قان دانچىسى كەمقانلىق كېسىلى تەكرارلىنىشنىڭ نىمە ئۈچۈن يۇقۇرىراق بولۇشىدىكى سەۋەپ مانا مۇشۇ يەردە، ئۇ بەزگەك كېسىلىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن تاللىنىپ چىققان. بۈگۈنكى كۈندە پايدىسىز دەپ قارالغان كېسەللىك ئامىلى تارىختا كېسەلگە قارشى پايدىلىق ئامىل بولۇپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، قان گۇرۇپپىسى بىر خىل ئىچكى ئالاھىدىلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ غەيرى ماسلاشما خۇسۇسىيەت ئەمەس. چۈنكى قان گۇرۇپپىسى ۋە قان گۇرۇپپىسى ماددىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، كۆپ ھاللاردا، ئۆزى تۇرۇۋاتقان جۇغراپىيىلىك شارائىتتا تارالغان كېسەللىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ھازىر تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىش ھەم ئىستاتىكا قىلىش ئارقىلىق، ئىرقنى قان گۇرۇپپىسى بويىچە ئايرىيدىغان فىزىئولوگىيىلىك سىستېما بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىرقنى تەنىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ۋە تاشقى شەكلىنى ئاساس قىلىپ ئايرىش بىلەن دىگەندەك بىردەك بولماي قالدى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر بىرىگە زىت ئەھۋال چىقىپ قالدى. مەسىلەن، تەن شەكلى بويىچە ئايرىغاندا، ئاسىيادىكى ئېسكىمولار بىلەن شىمالىي ياۋروپاغا جايلاشقان شۋىتسارىيىدىكى لاپلار بىر بىرىگە تولىمۇ يېقىن كېلىدۇ؛ لېكىن قان گۇرۇپپىسى بويىچە ئايرىغاندا، ئېسكىمولار بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلار بىر بىرىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ. مانا بۇ پاكىت ئىرقلارنى قان گۇرۇپپىسى بويىچە ئايرىش بىلەن بەدەنىنىڭ تاشقى شەكلى بويىچە ئايرىش ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش يوقلۇقىنى، ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدا



16 ـ رەسىم ئېسكىمو

مۇقەررەر باغلىنىش يوقلۇغىنى، ئىككىسى ئىككى خىل مۇس-تەقىل ئايرىش سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

## 3. بارماق جىيىغى

بارماق جىيىغى (ئىزى) دېگەندە پۈت، قول بارماقلىرىنىڭ تېرىسىدىكى سىزىقچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆز-گەرمەس خۇسۇسىيەتكە ئىگە، شۇڭا بارماق جىيىقلىرى ھاسىل قىلغان قىسما-قىسما شەكىللەر ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك سىزىقچە-لىرىغا قاراپمۇ تۇرگە ئايرىشقا بولىدۇ. قوساقتىكى بالا تەخمىنەن 3~4 ئايلىق بولغان ۋاقتىدىلا، تېرىنىڭ ھاسىل بولۇشى بىلەن تەڭ جىيىقلار ھاسىل بولۇشقا باشلايدۇ. تېرە جىيىغى يۈزە تېرە ئاستىدىكى ھەقىقى تېرىنىڭ ئۈستىدىكى شورىغۇچ قەۋەتتە پەيدا بولىدۇ. مىكروسكوپ ئارقىلىق كۆزەتكەندە، شورىغۇچ قەۋەتنىڭ ئۈستىدە، خۇددى سوقا بىلەن ھەيدىگەن يەردە بىر مۇنچە ئوڭغۇل-دوڭغۇل چۆنەكلەر بولغاندەك، كىچىك چوققىلار ۋە ئويمانلار بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇششاق سىيرىق تۈك تۆشۈكچىلىرى جايلاشقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق شورىغۇچ قەۋەت بارماق، ئالقان ۋە تاپاندا ئەڭ زىچ ۋە گەۋدىلىك بولىدۇ، ئۇ يۈزە تېرىنىڭ يېپىپ تۇرۇشى بىلەن ئېگىز-پەس ۋە رەتلىك تىزىلغان بارماق (تاپان) جىيىقلىرىنى

ۋە ئالقان جىيىقلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. بارماق جىيىقى تېرە جىيىغىنىڭ بىر تۈرى، يۈزەكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ 3 خىل ئاساسىي شەكلى يەنى ياپسىمان جىيىق، شازىسىمان جىيىق ۋە بۇرمىسىمان جىيىق دىگەن شەكىللىرى بار. ياپسىمان جىيىق ياپسىمان پاراللېل سىزىقچىلاردۇر؛ شازىسىمان جىيىق بىر ئۇچى ئېتىك، بىر ئۇچى ئوچۇق بولغان شازىسىمان سىزىقچىلاردۇر؛ بۇرمىسىمان جىيىق مەركەزداش چەمبەر شەكىللىك بۇرمىسىمان سىزىقچىلاردۇر. ئىرقشۇناسلىق ئىرقلارنى مۇشۇ 3 خىل جىيىققا دائىر مەلۇماتقا قاراپ ئايرىيدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاسىيالىقلار ئېنىدە بۇرمىسىمان جىيىق ھەممىدىن كۆپ؛ ياۋروپالىقلار تېنىدە شازىسىمان جىيىق ھەممىدىن كۆپ؛ ئافرىقىلىق نېگىرلاردا ياپسىمان جىيىق ھەممىدىن كۆپ. لېكىن 3 خىل ئاساسىي جىيىق ئىرقلارنىڭ ھەممىسىدىلا بولىدۇ، پەقەت چىقىش نىسبەتىلا ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭا بۇ 3 خىل ئاساسىي جىيىق ئىرققا ئايرىشنى پەقەت سېلىشتۇرۇش ۋە پايدىلىنىش ئاساسلىرى بىلەنلا تەمىن ئېتىدۇ.

بارماق جىيىغى ئىنتايىن تۇراقلىق ئىرسى خۇسۇسىيەتكە ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆيگەن يەردىن قايتا ئۆسۈپ چىققان تېرىنىڭ جىيىقلىرى ئەسلىدىكىسىگە ئوپمۇ-ئوخشاش بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارماق جىيىغىنىڭ ئىنچىكە خۇسۇسىيەتلىرى كونكىرىت ئادەمگە قاراپ پەرقلىنىپمۇ تۇرىدۇ، ئوخشاش بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قوشكىزەك قېرىنداشنىڭ بارماق جىيى-

www.uyghurkitap.com



17-رەسىم يايسىمان جىيىق

غىمۇ دىگەنــدەك ئوخـشاش بولـمايـدۇ. شۇنىڭ ئۈچـۈن، بارماق جىيىغى ئىلمى شەخسـلەرنى ئايرىـش ۋە پـەرق ئېتىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس رولغا ئىگە. بارماق جىيىغىنى ھاسىل قىلغۇچى چۆنەكلەر، ئويمانلار، سىزىقلار، توچكىلار ۋە تۆشۈك-چىلەر بىلەن مەلۇم يـۆنىلـىش بويىچە باشلانغان ۋە ئاياقلاشقان، شاخلانغان ۋە بىرىككەن جىيىقلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ سان-ساناقسىز ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئەگەر بارماق جىيىغىنىڭ ئىنچىكە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايرىم-ئايرىم گۇرۇپپىلاشتۇرۇپ ھىساپلايدىغان بولساق، ھاسىل بولىدىغان ئۆزگىرىشنىڭ سانى 71 خانىلىق سانغا يېتىدۇ، بۇ سان دۇنيا ئاھالىسىنىڭ ئومۇمى سانىدىن



18-رەسىم شازىسىمان جىيىق



19-رەسىم بۇرمىسىمان جىيىق


كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. دىمەك، بارماق جىيىغىنى تەتقىق قىلغۇچى بەزى ئالىملارنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى 6 مىللىيارت ئاھالە ئىچىدىنمۇ بارماق جىيىغى ئوخشاش بولغان ئىككى ئادەمنى

تېپىش تەس دەپ جاكالىشىدىن ئەجەپلەنگىلى بولمايدۇ. مەملىكىتىمىزدە شەخسىنى بارماق جىيىغى ئارقىلىق پەرق ئېتىش ئاللىبۇرۇنلا باشلانغان، كۆپ ھاللاردا بارماق ئىزى توختام ئىمزالاشنىڭ مۆھۈرلۈك ئىسپاتى قىلىنغان، ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى بەزى تۇغۇتخانىلار بالا يېڭى تۇغۇلغاندا ئىككى پۇتىنىڭ ئىزىنى قالدۇرۇۋېلىش بىلەن، بوۋاقلارنى بىر بىرىدىن پەرىقلەندۈرمەكتە. چەتئەللەردىكى بەزى جايلاردا ھازىر بارماق ئىزى ئارخىۋى تۇرغۇزۇلدى، چۈنكى بەزى ئادەملەر تاشقى كۆرۈنۈشى جەھەتتە باشقا بىر كىمگە ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن بىر ئادەمنىڭ بارماق ئىزى يەنە بىر ئادەمنىڭكىگە زادى ئوخشىمايدۇ. بەزى مېھمانخانا-سارايلاردا بارماق ئىزى ئاچقۇچى ئىشلىتىلگەن، يەنى ئىشىكنى تىزگىنلەيدىغان كۇنۇپكىغا بارماق ئىزى كىرگۈزۈلگەن، دېمەك، بارماق ئىزى شۇ ئىزغا ئوخشاش بولغان كىشىلا ئىشىكنى ئاچالايدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرىدا بارماق ئىزى جىنايەتچىلەرنى تەھقىقلەپ تېپىشتا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىسپات. بارماق ئىزى ئىلمى ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتتە بارغانسېرى كۆپ تۆھپە قوشماقتا.

ئالقان ئىزى جۈملىدىن ئالقاننىڭ ھەركىتىدىن ھاسىل بولغان ئىز ھازىر ئىرقلارنى ئايرىشتا تېخى تەدبىقلىنىپ باقمىدى. لېكىن ئالقان ئىزى توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا بىرمۇنچە خۇراپىي پەتىۋالار مۇ بار، مەسىلەن، بەزى كىشىلەر، ئالقاندىكى جىيىقلارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا قاراپ، شۇ ئادەمنىڭ كەچۈر-

www.uyghurkitap.com

مىسىنى بىلگىلى، كەلگۈسىدىكى بەخت-تەلىيىنى، نەس-پىشكەللىكىنى شۇنىڭدەك ئىشقى-مۇھەببەت جەھەتتىكى توجۇق يوللۇغى ياكى شور پىشانىلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە، بۇنداق پەتىۋالارنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق، ئىسپاتلىنىپ باققىنىمۇ يوق. لېكىن ئالقان ۋە بارماق ئىزىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ خىلمۇ-خىل ئىرسى كېسەللەرنى ئېنىقلاشتا مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بەدەندىكى ئىرسى ماددا ئالقان ۋە بارماق جىيىقلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئىرسى كېسەللىككە مۇپتىلا بولغان كىشىلەرنىڭ ئالقانلىرى ۋە بارماقلىرىدىكى مۇرەككەپ جىيىقلاردىمۇ غەيرى نورماللىق كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ئالقاندىكى كۆندىلەڭ جىيىقلارنىڭ گىرەلىشىپ قېلىشى (ئورانگۇتاننىڭكى)، ئالقاندىكى ئەگمە جىيىقلارنىڭ گىرەلىشىش بۇلۇڭىنىڭ نورماللىسىزلىقى، بارماق جىيەغىدىكى ئىنچىكە غەيرى نورماللىق، يايسىمان، شازىسىمان ۋە بۇرمىسىمان جىيىقلارنىڭ كۆپىيىپ ياكى ئازىيىپ قېلىشى قاتارلىقلار ئىرسى كېسەللەرنى ئېنىقلاشتا قوشۇمچە ئاساس بولالايدۇ.



20-رەسىم، سولدا: نورمال ئادەمنىڭ قولى؛ ئوڭدا: تۇغما كالۋانىڭ قولى

# 3. ئىپتىدائى ئىرق

ئىرققا ئايرىشنىڭ خىلمۇ-خىللىغى ئىرققا ئايرىشنىڭ ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىرقىي ئالاھىدىلىكنىڭ كۆپ خىللىغى ئىرققا ئايرىشنىڭ كۆپ خىللىغىنى بەلگىلىگەن. ئىرقىي ئالاھىدىلىكلەر "ئىرق تىپى"نى ھەرگىزمۇ بىر بىرىگە باغلانغان ھالدا شەكىللەندۈرگەن ئەمەس، شۇڭا ئىرقلارنى بىر تۇتاش ھالدا ئايرىشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىق تۇغۇلدى. لېكىن ئىرققا ئايرىشنىڭ ئۆزى تۆۋەندىكى بەزى مەسىلىلەرنىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەردى: (1) ئىرقلار ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوخشاش بىر ئەقلىي ئىرققا مەنسۇپ؛ (2) ئىرقىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى كەمچىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تاشقى مۇھىت بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشلىق بولىدۇ، مەلۇم ئىرقىي ئالاھىدىلىك كۆپ ھاللاردا مەلۇم جۇغراپىيىۋى شارائىتتا شەكىللەنگەن بولىدۇ. شۇڭا بەزىلەر مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىدۇ: ئىرقلار ئورتاق بىر ئەقلىي ئىرق ئەجدادىدىن كېلىپ چىققان، ئىرقىي ئالاھىدىلىكلەر ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك جۇغراپىيىۋى شارائىتتا بىر بىرىدىن ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىپ قېلىشى نەتى-

www.uyghurkitap.com

جىسمىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. 1966 ـ يىلى، ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس كوئون: ئىرقلارنى ئۇلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان يېقىنقى زامان قاتناش تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائى ئامىللاردىن چەتلىگەن ھالدا، ئۇلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن تارىخىي جايلىشىش ئارقىلىق ئايرىغاندا تېخىمۇ ئېنىقراق ئايرىغلى بولاتتى، دېگەن ئىدى.


ئىرقلار بىر ئەجدادتىن كېلىپ چىققانمۇ، يوق دېگەن مەسىلىدە ئىلگىرى قاتتىق مۇنازىرە بولغان. بەزىلەر: ئىرقلار بۆلەك ـ بۆلەك ئەجدادتىن كېلىپ چىققان، ئىرقىي ئالاھىدىلىكلەرمۇ ئەزەلدىن شۇنداق، ئۆزگەرگەن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئىرقنى خۇدا ئاتا قىلغان ۋە ياراتقان دېيىش ئىلىم ـ پەنگە يات پەتىۋا، ئەلۋەتتە. لېكىن بەزى كىشىلەرنىڭ تەرسالىق بىلەن بۇنداق پەتىۋادا چىڭ تۇرۇۋېلىشى تامامەن ئىرقچىلىقنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بولۇپ، ئۇلار ئىرقىي زۇلۇمنى يولغا قويىدىغان بۇنداق ئىجتىمائى باراۋەرسىزلىكنى پۈتۈنلەي ئىرقلارنىڭ تەبىئى پەرقى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ كاززاپلىق قىلماقچى. ھەتتا جانلىقلارنى تۈرگە ئايرىغۇچى مەشھۇر ئالىم ۋە ئىرقلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولغان لىننېمۇ بۇنداق كۆزقاراشتا ئەسىر بولۇپ قالغان. بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم ـ پەن ۋە تارىخ تەرەققىياتى ئىرقلار كۆپ ئەجدادتىن كېلىپ چىققان دېگەن بۇنداق كۆزقاراشنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلماقتا. ئەمەلىيەتتە توي قىلىشىدىغان ۋە پەرزەنت

كۆرۈۋاتقان ئىرقلارنىڭ بىر بىرىدىن تامامەن ئايرىلغان باشقا-باشقا ئەجداتتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. بىر ئالىم ئىلگىرى مۇنداق بىر جانلىق تەمسىلنى كەلتۈرگەن: دۇنيادىكى ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى خۇددى بىر ئۇرۇقتىن بولغان ئەمما رەڭگى ئوخشاش بولمىغان ئاتلارغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئىرقىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئىرقلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھالەتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش شارائىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا پەيدىن-پەي ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقى جانلىقلار دۇنياسىدا ئومۇمى يۈزلۈك ھادىسە بولۇپ قالدى. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشايدىغان يولۋاسلار بىلەن جەنۇبىي جۇڭگودا ياشايدىغان يولۋاسلار ئوخشاش بىر خىل تۈرگە كىرسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن مۇددەت باشقا-باشقا مۇھىتتا ياشىغانلىقىدىن، مۇھىتنىڭ ئايرىم تۇرۇشى سەۋەبىدىن ئوخشاش بولمىغان ھالەتنى ھاسىل قىلغان. شەرقىي شىمال يولۋاسلىرى شىمال تەرەپتىكى قاتتىق سوغاق بولىدىغان چوڭ ھىنگان ۋە چاڭبەيشەن تاغلىرىدا ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن، قاۋۇل ھەم كۆركەم كېلىدۇ، جۈغى يوغان، تۈكى ئۇزۇن بولىدۇ؛ لېكىن جەنۇبىي جۇڭگو يولۋاسلىرى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىللىق رايوندا ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن، نىسبى ئېيتقاندا، ئاۋاق ھەم ئورۇق، جۈغى كىچىك، تۈكى شالاڭ كېلىدۇ.

ئىنسانلار ئورتاق بىر ئەجداتتىن كېلىپ چىققان دىگەن

كۆزقاراش ئىنسانلار تاشقاتمىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئورتاق ئەجداتنىڭ ياشىغان ئورنى ۋە ۋاقتى مەسىلىسىدە يەنە ئوخشاش بولمىغان ئەقلىي يەكۈنلەر بار. بۈگۈنكى ياۋروپا بىلەن ئاسىيا قۇرۇقلۇغىنىڭ جەنۇبىدىكى مەر-كىزىي رايونلارنىڭ كىلىماتى موتىدىل بولۇپ، ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ ئوزۇق يىغىش ۋە ئوۋ قىلىش بىلەن ياشايدىغان تۇرمۇشىغا ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىرقلارنىڭ ئورتاق ئەجدات-لىرى مۇشۇ رايونلاردا ياشىغان دەپ ئېتىراپ قىلىنماقتا. تەبىئى-كى، ئۇلارنىڭ تۆرقى بۈگۈنكى ئىرقلارنىڭكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلەنگىنى بىلەن، تاشقا ئايلانغان ئىسكىلىتلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا روشەن ئىرقىي پەرق كۆرۈلمىگەن. كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەملەر ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ھەر خىل رايونلارغا كۆچكەن، شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل تۇرمۇش شارائىتىدا ئىرقىي ئالاھىدىلىك پەيدىن-پەي ئايرىلىپ چىققان. بەزىلەر ئىرقلارنىڭ ئورتاق ئەجداتى بارلىققا كەلگەن ۋاقىت دىگەندە، بۈنىڭدىن يۈز مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەسلەپكى ئەقلىي ئادەملەر بارلىققا كەلگەن ۋاقىتنى كۆرسىتىش لازىم دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتى ۋاقىت جەھەتتە ئۈزلۈكسىز جەريان، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىنسانلار-نىڭ تاشقا ئايلانغان ئۇستىخانلىرى ئۈستىدە شالغۇتلاشتۇرۇش بويىچە تەجرىبە قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەقلىي ئىرقلارنىڭ

ئېنىق چېگرىسىنى تېپىپ چىقىش تەس بولغاچقا، ئىرقلارنىڭ ئورتاق ئەجداتىمۇ نەچچە يۈز مىڭ يىلدىن ئىلگىرىكى ”مايمۇن-سىمان ئادەم“ لەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن، دەپ قارى-غۇچىلارمۇ بار. ئىرقشۇناسلار ئىرقلارنىڭ ئورتاق ئەجداتىنىڭ كېلىپ چىقىش ۋاقتى جەھەتتە ھەر خىل بەس-مۇنازىرە قىلىشى-سىمۇ، لېكىن ئىرقنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش ۋاقتى مەسىلىسىدە ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئوخشاش. ھەممەيلەنلا: ئىرقلار بۇنىڭ-دىن تەخمىنەن 30 مىڭ يىل ئىلگىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن يەنى ئىنسانلار ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئاۋس-ترالىيە ۋە ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ئۆتۈپ، جەنۇبىي قۇتۇپ-نى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان دۇنياۋى جايلىشىشنى ئورۇنلىغان دەۋردە ۋۇجۇتقا كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋرگە خاس



21-رەسىم ئىنسانلار ئىرقىنىڭ دۇنياۋى كۆچۈشىنى كۆرسىتىدىغان سىزما

تاشقاتمىلاردىن قارىغاندا، ئىرقلارنىڭ ئايرىلغانلىقىغا دائىر ئېنىق خۇسۇسىيەت ۋە ئالامەتلەر بار، دەپ قارىماقتا.

ئامېرىكا ئىرقشۇناسى كوئون: بۇنىڭدىن تەخمىنەن 35 مىڭ يىل ئىلگىرى دۇنيادىكى ئىرقلار دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن، ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن كولۇمبۇنىڭ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تېپىشى بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئاھالە كۆچۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا، دۇنيادىكى ئىرقلارنى 5 ئىپتىدائى ئىرققا ئايرىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بىرىنچىسى كاپكاز ئىرقى، ئۇ ئۇلىبا ئىرقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا دېڭىز رايونىغا جايلاشقان، كېيىن پۈتۈن ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقا رايونلىرىغا تارالغان، ھىندىستاندىمۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بار. قارا سوغاق، نەملىك، بۇلۇتلۇق كىلىمات مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇزۇن يىللار ئۇچراش دەستىدىن، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ تېرە رەڭگى بەك سۇزۇك بولۇپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىرقىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق: تېرە رەڭگى سۇزۇك، چېچى يۇمشاق، بۇدرە ياكى تۈز، چاچ رەڭگى بىر خىل ئەمەس، كۆزى قوڭۇر، سۇر، كۆك، بەدىنى تۈكلۈك ھەم ساقال ـ بۇرۇتلۇق، پېشانىسى ئانچە دوقلىق ئەمەس، قاڭشالىق، بۇرنى ئۇچلۇك، كالپۇكى يۇپقىراق ۋە باشقىلار. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، جايلاشقان رايونلىرىنىڭمۇ كېڭىيىشى

ئارقىسىدا، بۇ ئىرقنىڭ تەن تۈزۈلۈشىدە بەزى ئىنچىكە پەرق-
لەرمۇ كېلىپ چىققان، شۇڭا ئۇنى شىمالىي ياۋروپالىق ۋە جەنۇ-
بىي ياۋروپالىق دىگەن ئىككى تارماققا ئايرىشقا بولىدۇ. جەنۇبىي
ياۋروپالىقلارنىڭ تېرە رەڭگى قېنىقراق،
كۆزى ۋە چېچى قارامتۇل قوڭۇر، بېشى
يالپاقراق؛ شىمالىي ياۋروپالىقلارنىڭ
تېرە رەڭگى سۈزۈكرەك، كۆزى سۇر ۋە
كۆكۈش، چېچى كۆپىنچە ئاچ سېرىق ياكى
تۇم سېرىق. كاپكاز ئىرقى جايلاشقان
رايونلارنىڭ شەرقىي چېگرالىرىدا ئۇلار
موڭغۇل ئىرقى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن-
لىكتىن، بەزى شالغۇت ئىرقلار پەيدا
بولۇپ قالغان.



22 ـ رەسىم كاۋكاز ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقىنىڭ شالغۇتى

ئىككىنچىسى موڭغۇل ئىرقى، ئۇ ئاسىيا-ئامېرىكا ئىرقى
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار دەسلەپتە شەرقىي ئاسىيا، سىبىرىيە ۋە
شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغان، كېيىن بىر تارمىغى—
شىمالىي ئاسىيالىقلار ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىپ ئاۋۇش نەتىجى-
سىدە بۈگۈنكى ئىندىئانلارغا ئايلىنىپ قالغان، يەنە بىر تارمىغى—
جەنۇبىي ئاسىيالىقلار تىنچ ئوكياننىڭ جەنۇبىدىكى ئارالـلارغا
كۆچۈپ بارغان. موڭغۇل ئىرقى دەسلەپتە يايلاقلىق ۋە
يېرىم بارخانلىق رايونلاردا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ
قاپىقىدا قوغداش رولىغا ئىگە بولغان ئىچكى قاتلاق ھاسىل

بولغان، بۇ ئىچكى قاتلاق "موڭغۇل قاتلىغى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇلارنىڭ تېرە رەڭگى سېرىق، كۆزى ساغۇچ، چېچى قارا ھەم تىك، بەدىنى ئانچە تۈكلۈك ئەمەس، ساقال-بۇرۇتى ئانچە ئاۋۇن ئەمەس، يۈزى ياپىلاقراق. پېشانىسى دوقىراق، ئانچە قاڭشالىق ئەمەس، بۇرنى ئوتتۇرا ھال ياكى تار، كالپۇكى قېلىنمۇ، نېپىزمۇ ئەمەس، دەل جايىدا. ئىككى كۆزىنىڭ ئىچ بۇرجىكىدە ئالاھىدە قاتلاق بار. ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ئىرقىي كېلىپ چىقىش جەھەتتە موڭغۇل ئىرقىغا ياكى ئومۇمى نامى ئاسىيا-ئامېرىكى-لىق دەپ ئاتىلىدىغان ئىرققا مەنسۇپ. ئۇلارنىڭ ئاسىيادىكى موڭغۇل ئىرقىدىن سەل-پەل پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆزىدە ئىچكى قاتلاق ئازراق بولىدۇ. ئۇلار قاڭشالىقراق. ئاسىيادىكى موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئادەم سانى كۆپرەك، جايلاشقان رايونى ناھايىتى كەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ ئىرقىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە بىر بىرىدىن سەل-پەل پەرقلە-نىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار يەنە شىمالىي ئاسىيالىقلار، شەرقىي ئاسىيالىقلار ۋە جەنۇبىي ئاسىيالىقلار دىگەن 3 تارماققا ئايرىلغان. شىمالىي ئاسىيالىقلارنىڭ تېرە رەڭگى سۇزۇكرەك، چېچى بىلەن كۆزىنىڭ رەڭگىمۇ سۇسلىشىپ بارغان. يۈزى خېلىلا يالپاق، كالپۇكى يۇپقا. مەملىكىتىمىز جۇڭگو، چاۋ-شيەن، ياپونىيە قاتارلىق رايونلاردىكى شەرقىي ئاسىيالىقلارنى شىمالىي ئاسىيالىقلار بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇلارنىڭ يۈزى

www.uyghurkitap.com



23 ـ رەسىم موڭغۇل ئىرقى بىلەن نىگرول ئىرقىنىڭ شالغۇتى

كەڭرەك، سوزۇقراق. جەنۇبىي ئاسيالىقلارنىڭ تىرە رەڭگى قىنقراق، چىچى بۇدرە، بەدىنى تۈكلۈك، بۇرنى ياپپاڭراق، كالپۇگى قىلىنراق. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئاسيانىڭ غەربىي قىسمىدا ئاسىيا ـ ياۋروپا شالغۇت ئىرقى پەيدا بولغان ـ دىن تاشقىرى، جەنۇبىي ئاسيانىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىسمىدىمۇ نىگرول ئىرقى بىلەن ئارىلىشىشتىن ھاسىل بولغان شالغۇت ئىرق ۋە ئاۋسترالىيىلىكلەر بىلەن ئارىلىشىشتىن ھاسىل بولغان شالغۇت ئىرق پەيدا بولغان.

ئۈچىنچىسى كونگو ئىرقى، ئۇ نىگرول ئىرقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار دەسلەپتە ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا ياشاپ، بارا ـ بارا ئافرىقىنىڭ جەنۇبىغا ياكى ئۇنىڭ باشقا جايلىرىغا تارالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ئىسسىق رايونلاردا ئۇزۇن ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تىرە رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر، چىچى بۇجغۇر بولۇپ قالغان، بۇ ھال بەدەننى ۋە باشنى ئىسسىق ئۆتۈپ زەخىملىنىشتىن ساقلايدۇ. تىرە رەڭگىنىڭ قارام ـ تۇل قوڭۇر بولۇشى، كۆزىنىڭ قوڭۇر بولۇشى، چىچىنىڭ قارا بۇجغۇر بولۇشى، بەدىنىدىكى تۈكنىڭ كوپ بولماسلىقى ياكى ئوتتۇراھال بولۇشى، پىشانىسىنىڭ دۈقا بولماسلىقى، بۇرنىنىڭ

www.uyghurkitap.com

يايپاك، كالپۇگىنىڭ قېلىن بولۇشى، جاغ قىسمىنىڭ سەل ئۆچلۇق بولۇشى بۇ ئىرقنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىگىدۇر.

تۆتىنچىسى ئاۋستراليە ئىرقى، ھازىر بەزىلەر ئۇلارنى نىگرول ئىرقىغا قوشۇپ ئېكۋاتور ئىرقى دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىشۋاتىدۇ. بۇ ئىرق ئاساسەن ئاۋستراليە ئارىلىغا ۋە جەنۇبىي تىنچ ئوكيان ئاراللىرىغا جايلاشقان. تېرە رەڭگىنىڭ قېنىقراق بولۇشى، چېچىنىڭ قارا ياكى قوڭۇر، بوجۇغۇر ياكى بۇدرە بولۇشى، بەدىنىدىكى تۈكىنىڭ ئاۋۇن بولۇشى، بۇرنىنىڭ يايپاك، كالپۇگىنىڭ قېلىن بولۇشى بۇ ئىرقنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىگىدۇر.

بەشىنچىسى ئۇمەت تۇمشۇقى ئىرقى، ئۇنىڭغا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بىر جاينىڭ نامى قويۇلغان، بەزىلەر ئۇنى نىگرول ئىرقىغا قوشۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىشۋاتىدۇ. بۇ ئىرق دەسلەپتە ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلاردا ياشىغان، كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا رايونىغا كۆچۈپ بارغان، ھازىر ئۇلارنىڭ ئاھالىسى ناھايىتى ئاز، ئاساسەن ئافرىقىدىكى بۇشمېنلار بىلەن خوتونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار موڭغۇل ئىرقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ تېرە رەڭگى ساغۇچ قوڭۇر، يۈزى ياپىلاق، كۆزىدە قاتلاق بار ۋە



24 ـ رەسىم بۇشمېن

باشقىلار، لېكىن ئۇلارنىڭ چېچى نىگرول ئىرقىنىڭكىگە ئوخشاش بۇجۇغۇر.

يۇقۇرىدىكىلەر كوئونىنىڭ ئىرق رايونىنى ئاساسەن 5 ئىپتىدائى ئىرق رايونىغا ئايرىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئۇ ئىرق رايونلىرىنى ئىرقىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ جايلىششى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش تارىخىنى بىرلەشتۈرۈپ، يەنى تەن ئالاھىدىلىگى جەھەتتىن تۈرگە ئايرىش بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈپ ئايرىپ چىققان. مۇنداقىسگە ئىرققا ئايرىش ھىلىمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. لېكىن بۇنداق ئايرىشمۇ ۋاقىت بىلەن چەكلىنىدىغانلىغى ئۈچۈن، كوئونىنىڭ ئۆزىمۇ: بۇنداق ئايرىش پەقەت ئىپتىدائى ئىرقلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ، 15 ـ ئەسىردىن كېيىن ئاھالە كۆپلەپ كۆچكەن ۋە ئىرقلار داۋاملىق شالغۇتلىنىپ كېتىۋاتقان ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئىرقلار تولى كۆپلەپ مەيدانغا كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بولۇپمۇ شۇنداق، دەپ ئېتىراپ قىلغان.

ئىنسانلاردىكى خۇسۇسىيەتنىڭ بىرى ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ تۇرۇشتۇر، بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار تاپىنى يەر شارىنىڭ ھەممە يېرىنى باستى، ئىپتىدائى ئىرقلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. ئاھالىنىڭ سانىمۇ بۇنىڭدىن نەچچە ئون مىڭ يىل ئاۋالقى نەچچە يۈز مىڭ ۋە نەچچە مىليوندىن كۆپىيىپ نەچچە مىليارتقا يەتتى. ھەرقايسى تەبىئى رايونلاردىن ئىرق پەرقىنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى تېپىپ چىقىش

تەس بولۇپ قالدى، ئىرقلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىر بىرىگە ئۆتمەكتە، ئىرقلارنىڭ شەكىل جەھەتتىكى پەرقلىرىنىڭ بىربىرىگە يېقىن رايونلارنىڭ تەدرىجى ئۆزگىرىش جەريانى تەرىپىدىن بىر ئۇلانما سىستېمىغا ئايلاندۇرۇلۇشى بىلەن، ئىرقنى ئايرىش تەس بولۇپ قالدى. ھەتتا ئىرقلار شالغۇتلىشىپ كەتكەن ئامېرىكا رايونىدا، تېرىسىنىڭ رەڭگى قېنىق بولغان بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ تېرىسى ئاپپاق پەرزەنت كۆرمەكتە. ئۇلارنى تېرىسىنىڭ رەڭگىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان ئىرققا ئايرىشقا بولامدۇ؟ دېمەك، ئىرقلارنى ئۇلارنىڭ تاشقى ئالاھىدىلىكىگە، تارىخقا ۋە ۋۇجۇتقا كەلگەن جوغراپىيىۋى شارائىتىغا قاراپ ئايرىش كۇپايە قىلمايدۇ، ئىرققا ئايرىشنىڭ قانۇنىيىتىنى باشقا ئىلمىي ئۇسۇللارنى تېپىش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ.

# 4. يېڭى يول

تېرە رەڭگى قېنىق بولغان ئاتا-ئانا قانداقسىگە ئاق پۇشماق پەرزەنت تاپىدۇ؟ بىز يۇقۇرىدا ئىرقى ئالاھىدىلىكنىڭ ئىرسىيەت-چانلىقا ئىگە بولىدىغانلىقى، ئىرقلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى تاشقى مۇھىت بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشلىق بولغاندىن تاشقىرى، ئىچكى ئىرسى ماددا تەرىپىدىنمۇ تىزگىنلىنىدىغانلىقى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇئەييەن ئىرقىي خۇسۇسىيەتنىڭ مۇئەييەن تۈزۈلمىلىك ئىرسى ماددىغا باغلىق بولىدىغانلىقى، ئىرقىي خۇسۇسىيەت پەرقى ئىرسى ماددا تىپى-نىڭ پەرقىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. ھازىر ئىرقلارنى ئايرىشتا ھازىرقى زامان ئىرسىيەت تەتقىقاتى-دىن مۇۋاپىق جاۋاپ تېپىش ئۈستىدە ئىزدىنىلمەكتە.

## 1. ئاشكارىلىق ۋە يوشۇرۇنلۇق


تېرە رەڭگى قېنىق بولغان ئاتا-ئانىنىڭ، چورتلا ئېيتقاندا، بىر جۈپ قارا تەنلىك ئەر-خوتۇننىڭ ئاق تەنلىككە مەنسۇپ پەرزەنت كۆرۈشگە كەلسەك، بۇ مەسىلە، ئىرسىيەتشۇناسلىق

نۇقتىسىدىن قارىغاندا، چۈشىنىشلىك. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ھادىسە جانلىقلار دۇنياسىدا كەم ئۇچرايدىغان ھادىسە ئەمەس. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى خۇبېي شېننۇڭجيا ئورمان رايونىدا ياشايدىغان قوڭۇر رەڭلىك ئېيىقلار ئارىسىدا، بەزىدە تۇرۇپلا ئاق ئېيىقلار كۆرۈلۈپ قالىدۇ؛ قىزىل چېچەك سورتلۇق ئىككى تۈپ نۇقۇت ئارىسىدىمۇ بەزىدە ئاق چېچەك سورتلۇق تۈپچىلەر پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھادىسە — ئىرسىيەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىلكىدىكى ھادىسە، بۇ ئىرسىيەت قانۇنىيىتىنى بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى ئاۋسترىيىلىك ئالىم مېندېل ئۆزىنىڭ نۇقۇت ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەجرىبىسى داۋامىدا بايقىغان. بۇ قانۇنىيەت بويىچە چۈشەندۈرسەك، ھەممىمىزنىڭ ئىرسى ماددىمىز ئاتا-ئانىمىزدىن يەنى ئانىلىق ۋە ئاتىلىق تەرەپتىن كەلگەن بولىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىنىڭ بىرى ئاق تەنلىك، بىرى قارا تەنلىك بولسا، ئۇلارنىڭ تاپقان بالىسى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ تاپقان بالىسى پۈتۈنلەي قارا تەنلىك بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. دېمەك، ئاق ئىرسى ماددا بىلەن قارا ئىرسى ماددا ئارىلىشىپ كەتكەن ئادەمدە، قارا رەڭ كۆپىنچە ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ، شۇڭا قارا رەڭ "ئاشكارىلىق" ھېساپلىنىدۇ؛ قالغان ئاق ئىرسى ماددا مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يوشۇرۇنغان بولىدۇ، شۇڭا ئاق رەڭ "يوشۇرۇنلۇق" ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ئاق-قارا ئىرسى ماددىلار ئارىلاشقان ئىككى قارا تەنلىك توي قىلسا، ئۇلارنىڭ بالىسى قانداق

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بالىسى ئاق تەنلىك بولۇشى مۇمكىن. بالا ئاتا بىلەن ئانا تەرەپنىڭ ئىرسى ماددىسىغا يېرىمدىن ۋارىسلىق قىلىدۇ دىگەن ئىدۇق، شالغۇتلاشقان ئاتا-ئانىنىڭ ئىككىلىسىدىلا ئاق-قارا ئىرسى ماددىلار بولىدۇ، ئەگەر بالا ئاتا-ئانىسىدىن دەل ئاشۇ ئاقلىقىنى يېرىمىدىن قوبۇل قىلىغاندا، ئىككى ئاق يوشۇرۇن ماددا ساپ هالىتى بىلەن بىر بىرىگە قوشۇلىدۇ-دە، پەرزەنتىنىڭ تېنىدە قارا ئىرسى ماددا بولمايدۇ، بالا ئاق رەڭلىك بولىدۇ. بەزىلەر مۇنداق هىساپ فورمۇلىسىنى يەنى قارا-ئاق × قارا-ئاق بولغاندا، قارا-قارا، قارا-ئاق، ئاق-قارا، ئاق-ئاقتىن ئىبارەت 4 خىل تىپ هاسىل بولىدۇ، ئاق (ساپ قوشۇلما)نىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى $\frac{1}{4}$ بولىدۇ، دىگەن فورمۇلىنى ئىشلەپ چىققان. بۇ قانۇنىيەت ئىككى مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: بىرىنچىدىن، ئاق-قارا ئىرسى ماددىلار ئارىلاشقان ئادەم قارا تەنلىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى ئاقلىق خۇسۇسىيەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىدا يەنىلا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئىرسى ماددا مۇستەقىل هالدا بۆلۈنۈپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قانۇنىيەت ئىرقچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىرقلارنىڭ قوشۇلۇشى ”ئەلا“ ئىرقنىڭ ”ئەلالىغى“نى يوقىتىۋېتىدۇ دەيدىغان بىمەنە تەشۋىقاتىغا كۈچلۈك رەددىيە بولدى. ئىككىنچىدىن، ئىرسىيەت قانۇنىيىتى كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئادەم ئورگانىزىمىدا ئاشكارىلىق ۋە يوشۇرۇنلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل هالەت بولىدۇ، مەسىلەن، قارا تېرە

www.uyghurkitap.com




25 ـ رەسىم ئاشكارىلىق (قوڭۇر كۆز) بىلەن يوشۇرۇنلۇق (كۆك كۆز) نىڭ نەسىلگە تارتىشى

رەڭگى ئاشكارىلىق، ئاق تېرە رەڭگى يوشۇرۇنلۇق بولىدۇ؛ بۇجۇغۇر چاچ ئاشكارىلىق، تىك چاچ يوشۇرۇنلۇق بولىدۇ؛ قاتتىق چاچ ئاشكارىلىق، يۇمشاق چاچ يوشۇرۇنلۇق بولىدۇ؛ قان گۇرۇپپىسىدا A، B، AB گۇرۇپپىسى ئاشكارىلىق، O گۇرۇپپىسى يوشۇرۇنلۇق بولىدۇ؛ ”موڭغۇل قاتلىغى“ بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ”موڭغۇل قاتلىغى“ ئاشكارىلىق بولىدۇ؛ ئۇزۇن كىرپىك قىسقا كىرپىككە نىسبەتەن ئاشكارىلىق بولىدۇ؛ قۇرغاق قۇلاق كىرى يۇمشاق قۇلاق كىرىگە نىسبەتەن ئاشكارىلىق بولىدۇ ۋە باشقىلار. ئەگەر ئاشكارىلىق بىلەن ئاشكارىلىق ساپ ھالەتتە قوشۇلسا، ياكى ئاشكارىلىق بىلەن يوشۇرۇنلۇق ئارىلىشىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ھالىتى كۆرگىلى بولىدىغان ئاشكارىلىق بولىدۇ، شۇڭا بۇ ھال يەنە ئىپادىلىنىش تىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يوشۇرۇنلۇق بىلەن يوشۇرۇنلۇق ساپ ھالەتتە قوشۇلغاندىلا، يوشۇرۇنلۇق ھالىتى ئاندىن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. دېمەك، ئىپادىلىنىش تىپىدە ساپ قوشۇلۇش بىلەن شالغۇتلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىرسىي تۈزۈلمە شەكلى مەۋجۇت. لېكىن


لىنىپ مەيدانغا چىققاندىن بۇيانقى بىرمۇنچە ئىرقشۇناسلار ئىرقلارنى تەن ھالىتىنىڭ ئىپادىلىنىش تىپلىق ئالاھىدىلىگىگە ئاساسلىنىپ تۆرگە ئايرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىپادىلىنىش تىپى ھەقىقىي ئىرسىي تۈزۈلۈشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەن. شۇڭا ئىرسىيەت ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ تۆرگە ئايرىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئەمەس. يوشۇرۇنلۇق ۋە ئاشكارىلىقتىن ئىبارەت بارلىق ئىرسىي تۈزۈلمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىستاتىكا ئارقىلىق ئايرىغاندىلا، ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىرسىي مۇناسىۋەتنى ئاندىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

## 2. ئىرسىي ئارىلىق

ئىرسىي ئارىلىق دېگەندە ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىرسىي ماددا جەھەتتە مەۋجۇت بولغان پەرق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىرسىي ماددا دېگەن نېمە؟ بىز ئادەتتە پالانىنىڭ كۆزى ئاتىسىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، پۇستانىنىڭ بۇرنى ئانىسىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن دەيمىز، ئۇنداق بولسا، ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ قاش-كۆزى ۋە بۇرۇنلىرىنىڭ تۇرقى-سىياقىنى قانداق قىلىپ پەرزەنتلىرىگە ئۆتكۈزگەن؟ ئۆتمۈشتە، پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىدىن قوبۇل قىلغان قاننىڭ ئىچىدە بىر خىل ئالاھىدە ماددا بار، بۇ ماددا بالىنىڭ تۇرقى-سىياقىنى ۋە ھەركىتىنى بەلگىلەيدۇ؛ پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىنىڭ شالغۇت قېنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن،

ئۇلاردا ئاتىسىنىڭكىگىمۇ، ئانىسىنىڭكىگىمۇ ئوخشايدىغان تۇرق ۋە ئالاھىدىلىك پەيدا بولغان، دەيدىغان قىياسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئالاھىدە ئىرسى ماددا قانداق بىر نەرسە؟ كۆپ يىللار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى بۇ ئاشكارىلاندى، بۇ ماددا گېن ماددىسى ئىكەن. ئاتا-ئانىلار گېننى بالىلىرىغا قالدۇرىدىكەن، گېن بالىلارنىڭ تۇرقى-سىياقىنى ۋە فىزئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدىكەن.

گېن ئابستىراكت بەلگە ئەمەس، زامانىۋى ئىلمىي ۋاستە بىلەن ئاجراتقىلى بولىدىغان ئەمەلىي ماددا بولۇپ قالدى. گېن ئادەم ھۈجەيرىسىنىڭ مەركىزىي ئورنىدىكى خروموسومىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ خىمىيىۋى ماددا DNA (ئوكسىگېنسىز رىبونۇكلېئون كىسلاتاسى)نىڭ ئۇزۇنچاق مالېكۇلا قاتارى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئىككى قات تولغىماچ زەنجىرگە ئوخشايدىغان بۇرمىسىمان تەنچە بولۇپ، ئۆز ئۆزىدىن نۇسخىلىنىش جەريانى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. ئالدى بىلەن بۇرمىسىمان تەنچىنىڭ ئىككى زەنجىرى ئۆز ئالدىغا بۆلۈنىدۇ، ئاندىن ھەرقايسىسى بىر بىردىگە ماس ھالدا بۆلۈنۈپ، ئىككى بۇرمىسىمان تەنچىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇرمىسىمان تەنچىدە ئىرسى سىگنالمۇ بولىدۇ، ئۇ ئاقسىل تۈزۈلمىسى ۋە تىپىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا قوماندانلىق قىلىدۇ. ئاتا بىلەن ئانا گېن (DNA)نى بالىلىرىغا ئۆتكۈزىدۇ، مەلۇم تۈزۈلمىلىك گېن مەلۇم تۈزۈلمىلىك ئاقسىلنى بەلگىلەيدۇ،




26 ـ رەسىم DNA مالېكۇلىسىنىڭ بۇرمىسىمان تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئۆزىدىن نۇسخىلىنىش شەكلى

شۇنىڭ بىلەن مەلۇم تۈزۈلمىلىك ئادەم ئورگانىزمىنىڭ تاشقى شەكلى ھاسىل بولىدۇ.

گېن ئىرسى ماددىنىڭ ئاساسىي بىرلىكى، ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ھەر بىر ھالىتىنى ئاز دېگەندە بىر جۈپ گېن تىزگىنلەيدۇ ۋە بەلگىلەيدۇ. ھازىر تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولۇشىچە، ئادەم بەدىنىدە تەھقىق ئىسپاتلانغان گېندىن 575 ى بار، پەرەز قىلىنغان گېندىن 925 ى بار، ئادەم بەدىنىدىكى گېننىڭ بارلىق سانى ئون مىڭدىن يۈز مىڭغىچە بولسا كېرەك دەپ مۆلچەرلەنمەكتە. مانا مۇشۇ گېنلار ئادەمنىڭ مۇرەككەپ ۋە قىسما ـ قىسما ھالەتتە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. ئادەم باشقا مەۋجۇداتلاردىن گېن تۈزۈلمىسى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى جەھەتتە ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان تۈر ـــ نەۋ توساقلىرى ۋە تۈر ئايرىمىسى ھاسىل بولغان. لېكىن ئىرقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەككە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ئاندا ـ ساندا بەزى كىچىك پەرقلەر كۆرۈلۈپ قالىدۇ، ئىرسى تۈزۈلۈشتىن كېلىپ چىققان مۇشۇ كىچىككىنە پەرقلەر (مەسىلەن، بىر ئادەم بەدىنىدىكى تۈكنىڭ

قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان پەرق) بەزىدە تاشقى مۇھىت-
نىڭ پايدىلىق يوسۇندا تاللىنىشى ئارقىسىدا، ئادەملەر ئارىسىدا
مەلۇم تەكرارلىق بويىچە تارقىلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەمى-
لەر توپىنىڭ يېڭى ھالىتى پەيدا بولىدۇ. ھەرقايسى تەبىئى
ئادەملەر توپىنىڭ تۆرلۈك ھالەتلىرىنى بەلگىلەيدىغان گېنلارنىڭ
تەكرارلىقىنى ھىساپلاش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىرسى
تەكرارلىقنىڭ پەرقىگە ۋە ئوخشىشىپ كېتىش دەرىجىسىگە قاراپ،
ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىرسى ئارىلىقىنى ئۆلچەپ چىقالايمىز.
دىمەك، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىرقىقا ئايرىش تەتقىقاتىغا بىر
كۆچلۈك تەتقىقات ئۇسۇلى قوشۇلدى، يەنى بىر ئىرقتىكى
ئادەملەر توپى ئوتتۇرىسىدىكى ئىرسى ئارىلىق ئۇنىڭدىكى
تۆرلۈك گېنلارنىڭ تەكرارلىق سانىنى ھىساپلاش ۋە سېلىش-
تۇرۇش ئارقىلىق ئېنىقلىنىدىغان بولدى. ئارىلىقى يېقىن بولغان-
لىكىلىرى بىر ئىرقىقا كىرگۈزۈلدى، ئارىلىقى يىراق بولغانلىكى-
لىرى باشقا ئىرقىقا ئايرىۋېتىلدى. كۆچۈپ كەتكەنلىكى، ئايرىلىپ
ياشىغان ۋاقتى ئۇزۇنراق بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئىرسى ئارى-
لىقى 15%كە يەتكەنلىكلىرى باشقا-باشقا ئىرقىقا ئايرىلىسا
بولىدۇ، ئىرسى ئارىلىقى 7%تىن تۆۋەن بولغانلىكلىرىنى بىر
ئىرق ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان تارماققا ئايرىشقا بولىدۇ،
دىگەن تەكلىپنى بېرىۋاتقانلارمۇ بار.
مەملىكىتىمىز بۇرۇن ھازىرقى زامان ئىرقلىرىنى تېنىگە
قاراپ بۆلگەن ئىدى. مەملىكىتىمىزدىكىلەر ئاساسەن موڭغۇل

ئىرقىدىكى شەرقىي ئاسىيالىقلار تارماقىغا كىرىدۇ، جەنۇبىي جۇڭگودا جەنۇبىي ئاسىيالىقلار تارماقىنىڭ تەركىبىمۇ بار، غەربىي شىمالىي جۇڭگودا ياۋروپالىقلار ئىرقىنىڭ ئاز ساندىكى تەركىبى بار. يېقىنقى يىللار مابەينىدە، يېڭى ھاسىل بولغان




**27** ـ رەسىم جۇڭگودىكى **17** مىللەت ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى-
نىڭ قان تىپى جەھەتتىكى ئىرسى ئارىلىقى جەدۋىلى

ئادەملەر توپلىرىنىڭ ئىرسى ئارىلىقىنى ھېساپلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، بەزى مىللىي رايونلاردىكى ئادەملەر توپى دەسلەپكى قەدەمدە ئايرىلدى (جەدۋەلگە قارالسۇن).

1983 ـ يىلى ئېلىمىزدىكى ئىنسان ئىرسىيەتشۇناسلىرى قان

گۇرۇپپىلىرى سىستېمىسى ۋە باشقا ئىرسى تىپ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، مەملىكىتىمىزدىكى 17 مىللەت ۋە مۇھاجىرلار توپىنىڭ ئىرسى ئارىلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىق قىلدى. تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىرسى ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن، كۆپىنچىسىنىڭ ئىرسى ئارىلىقى 0.1 دىن تۆۋەن. بۇ ھال جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ۋۇجۇتقا كېلىش تارىخىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قويۇق ئارىلىشىپ كەلگەنلىكىنى ۋە باردى-كەلدى قىلىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان قانداشلىق باغلىنىش بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ، سېنىڭكىدە مەن بار، مېنىڭكىدە سەن بار دېگەندەك تارىخىي پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ھەم يېقىنلىشىپ قالىدىغان، ھەم سەل-پەل پەرقلىنىدىغان ئىنچىكە تۈر تۈزۈلمىلىرىدىنمۇ ئۇلارنىڭ مىللەت مەنبەسى ۋە مىللى ئەجدات جەھەتتە بىر بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشتەك تارىخىي باغلىنىش بارلىقى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە شىمالدىكى بەزى مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىرسى ئارىلىقى ئۇلارنىڭ جەنۇپتىكى بەزى مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىرسى ئارىلىقىدىن يېقىنىراق. بۇ ھال مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇلارنىڭ خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى خۇاشيا مىللىتىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا، ئۇلارنىڭ موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق

ۋە شۇە قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز تۈردە قوشۇلۇپ
بارغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

موڭغۇللار مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونغا جايلاش-
قان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نىڭشيادىكى خۇيزۇلار بىلەن بولغان
ئىرسىي ئارىلىقى ھەممىدىن يېقىن، ئۇنىڭدىن قالسا خەنزۇ،
قازاق، ئۇيغۇر ۋە زاڭزۇلار بىلەن بولغان ئىرسىي ئارىلىقىمۇ
يېقىنراق. بۇ ھال موڭغۇل مىللىتىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان
مىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلى-
گىنى كۆرسىتىدۇ.

خۇيزۇلار (ئاساسەن نىڭشيادىكى خۇيزۇلار)نىڭ موڭغۇل
مىللىتى بىلەن بولغان ئىرسىي ئارىلىقى ھەممىدىن يېقىن، ئۇنىڭ-
دىن قالسا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئىرسىي ئارىلىقىمۇ
يېقىنراق. بۇ ھال تارىخ كىتاپلىرىدا خۇيزۇلار ئاساسىي جەھەت-
تىن 13-ئەسىردىكى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەرققە كۆچۈپ
كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردىن كېلىپ چىققان، كېيىن موڭغۇل،
خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرغان
ۋە ئىسكىلاشقان دەپ يېزىلغان پاكىت بىلەن بىر يەردىن چىقىدۇ.

زاڭزۇ مىللىتىنىڭ موڭغۇل مىللىتى بىلەن بولغان ئىرسىي
ئارىلىقى ھەممىدىن يېقىن، ئۇنىڭدىن قالسا قازاق ۋە خەنزۇلار
بىلەن بولغان ئىرسىي ئارىلىقىمۇ يېقىن. بۇ ھال زاڭزۇلارنىڭ
مىللەت مەنبەسى قەدىمقى زاماندا جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي
رايونلىرىغا جايلاشقان قەدىمقى چياڭ مىللىتى بىلەن مۇناسىۋەت-

لىنىڭ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قازاقلار بىلەن بولغان ئىرسى ئارىلىقى ھەممىدىن يېقىن، ئۇنىڭدىن قالسا موڭغۇل، خەنزۇ بىلەن بولغان ئىرسى ئارىلىقىمۇ يېقىنراق. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ ئېھتىمال مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇللارنىڭ يايلاقلىق رايونلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى، كېيىن شىنجاڭغا بېرىپ، قازاقلار بىلەن تېخىمۇ زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە باشقا مىللەتلەرنى بىر-بىرلەپ مىسال قىلىپ ئولتۇرمايمىز، بۇ ھەقتە يۇقۇرقى ئىرسى ئارىلىق جەدۋىلىگە قاراڭ. بىراق بۇ ئىرسى ئارىلىق مەلۇماتى پەقەت دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەپ چىقىلغان مەلۇمات، ئۇنى پايدىلانما قىلىشقىلا بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئىلىمىزدە ئىنسان ئىرسىيەتشۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەكشۈرۈلىدىغان مەزمۇن ۋە مىللەت تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ئىرقلارنىڭ ئىرسى ئارىلىقى تېخىمۇ توغرا ۋە مۇكەممەل ئايرىپ چىقىلىدۇ.

# 5. ئىرق ۋە مىللەت

ئىنسانلار بارلىققا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، مەلۇم ئادەملەر توپى شەكىللەندى. ئىرق ۋە مىللەت ئادەملەرنىڭ بىر بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى توپى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ، يەنە كېلىپ خاراكتىرى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى توپنى ئايرىشنىڭ بىرلىگى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئىرق دىگەندە ئىنسانلارنىڭ تەن قۇرۇلمىسى بويىچە ئايرىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇنىڭدا ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ جۇغراپىيىۋى جايلىشىشىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان توپلىرىنىڭ ئىرسى ئۆزگىرىشچانلىقى تەتقىق قىلىنىدۇ، ئادەمنىڭ تەبئى خۇسۇسىيىتى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. مىللەت دىگەندە ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بويىچە ئايرىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇنىڭدا ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ تارىختا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئوخشاش ئىقتىسات، مەدەنىيەت، تىل ۋە رايونلارغا ئىگە بولغان ئورتاق گەۋدىسى تەتقىق قىلىنىدۇ، ئادەمنىڭ ئىجتىمائى خۇسۇسىيىتى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. بىر ئىرق ھەر خىل مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مەسىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى خەنزۇ، موڭغۇل، چاۋشيەن، داغۇر ۋە خۇيزۇلارنىڭ ھەممىسىلا شەرقىي ئاسىيا

www.uyghurkitap.com

ئىرقىغا كىرىدۇ؛ شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بىر مىللەت ئىچىدىمۇ ھەر خىل ئىرقلار بولىدۇ، مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇلار شەرقىي ئاسىيا ئىرقى ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئىرقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋاقىتتىن ئالغاندا، ئىرقنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىي بالدۇرراق بولۇشى مۇمكىن. ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىپ مۇكەممەللىشىشى بىلەن تەڭ، يەنى ئىنسانلار ئەقلىي ئادەملەر دەۋرىدە دۇنيا بويىچە تارالغاند-ىن كېيىن ھەممە مۇقىم ئولتۇراقلىششقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىرقىي ئالاھىدىلىكلەر ۋۇجۇتقا كېلىشكە باشلىغان. ئىرقلارنىڭ ئايرىملىغى ۋە قوشۇلۇپ كېتىشى دېگەندە، ئاساسەن، ئادەم بەدىنىنىڭ تەبئىي ھالىتى شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك ئىرسىي ماددىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئىرقنى ئاڭلىق تونۇشى، مەخسۇس ئىرقشۇناسلىق يېقىنقى زاماننىڭ خېلى كېيىنكى ۋاقىتلىرىدىلا بەرپا بولدى، ئىرقشۇناسلىق ھازىرمۇ تېخى مۇكەممەل ئىلىم ئەمەس. مىللەتنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى نىسبىي جەھەتتىن ئالغاندا كېيىنرەك بولغان، مىللەت — جەمىيەت تەرەققىي قىلىپ مەلۇم تارىخىي باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇ-لى، ئادەتتە ئۇ ئىپتىدائىي جەمىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئۇرۇق ۋە قەبىلە ئاساسىدا راۋاجلىنىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسى دەپ قارىلىدۇ. ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قوشۇلۇپ كېتىشى دېگەندە ئاساسەن

مىللەت گەۋدىسىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، تىل ۋە مەدەنىيىتى،
دىنىي ئېتىقاتى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلار كۆزدە
تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ھەرقايسى
تارىخىي باسقۇچلاردا ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ خۇاشيا، سۇشېن،
ھۇن، سيانپى، جوجان، تۈرك، كىدان، رۇڭ، چياڭ قاتارلىق
نۇرغۇن قەدىمى "مىللەتلەر" بارلىققا كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئۆزى
ۋە مەدەنىيىتى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئايرىم-ئايرىم ھالدا
ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايوندا ياشاۋاتقان مىللەتلەرگە
قوشۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىز تارىخقا ھۆرمەت قىلىشىمىز، تارىختا
مىللەتلەرنىڭ بىر بىرىگە قوشۇلغانلىغى جەھەتتىكى پاكىتقا
توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك، ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇر-
سىدا ئورنىتىلغان دوستانە باغلىنىش ۋە ئەنئەنىۋى ھېسسىياتقا
تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشىمىز
كېرەك.


ئىرق بىلەن مىللەت خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئادەم
توپىنىڭ ئايرىلىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، شۇنداقلا دۆلەتنى
ئىرق ۋە مىللەت بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. دۆلەت
مەمۇرى بىرلىك بولۇپ، مۇقىم يەر-زېمىنغا ئىگە. بەزى
دۆلەتلەر بىر ئادەمنىڭ دۆلەت تەۋەلىگىنى ئۇنىڭ تۇغۇلغان
يېرىگە قاراپ بەلگىلەشنى بەلگىلەپ قويغان. دېمەك، بىر دۆلەت
ھەر خىل ئىرقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن،
ئامېرىكىدا ياۋروپالىق ئاق تەنلىكلەر بار، ئافرىقىلىق قارا

www.uyghurkitap.com

تەنلىكلەر ۋە ئەسلىدىكى ئىندىئانلارغا ئوخشاش سىرىق تەنلىكلەرمۇ بار؛ بىر دۆلەت ھەر خىل مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىمۇ مۇمكىن، مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدە 56 قېرىنداش مىللەت بار. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بىر ئىرقتىكىلەر ھەر خىل دۆلەتلەرگە جايلىشىشى مۇمكىن، مەسىلەن، سېرىق تەنلىك موڭغۇل ئىرقى يالغۇز ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئادەملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى ۋېنگىرىيىلىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر مىللەتمۇ باشقا-باشقا دۆلەتلەرگە جايلىشىشى مۇمكىن، مەسىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل، چاۋشيەن، قازاقلار ۋە جەنۇبىدىكى دەيزۇلار ئەنە شۇنداق. بۇمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستانە باردى-كەلدى قىلغانلىقى ۋە ئۆزئارا ئارىلىشىپ ئولتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، لېكىن، مۇشۇ سەۋەپ بىلەن خاراكتېرى ئوخشاشمايدىغان ئىرق، مىللەت ۋە دۆلەتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بىرلىكنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

كىشىلەر، ئىرق ئادەمنىڭ تېنى ۋە ئىرسى قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ ئايرىلىدۇ، بىر مىللەت ئىچىدىمۇ كۆپ ھاللاردا نىكالىنىش، قانداشلىق ھەققىدە بەلگىلىمىلەر بولىدۇ، دېمەك، مىللەت يەنىلا ئەجدادلارنىڭ قانداشلىق باغلىنىشىغا قاراپ ئايرىلىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئىرق بىلەن مىللەت دېگەن ئۇقۇمنى ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇنىڭدا. لېكىن

بۇ ئىككىسىنىڭ قانداشلىق باغلىنىشىنىڭ مەزمۇنى ۋە ماھىيىتى ئوخشىمايدۇ. تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئىرقنىڭ قانداشلىق باغلىنىشى ئوچۇق-ئاشكارە بولۇپ، ئۇ پەقەت تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ؛ مىللەتنىڭ قانداشلىق باغلىنىشى بولسا دىن، مەدەنىيەت، ئىقتىسات ۋە ئىجتىمائىي مەۋقەدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئامىللار بىلەن چەكلىنىدۇ ۋە بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مەككىدە گۆش يېمەيدىغانلارنىڭ گۆش يەيدىغانلار بىلەن




28-رەسىم ئۇرۇق ۋە نەسىلگە تارتىش

توي قىلىشىغا بولمايدىغانلىقى ئاللابۇرۇنلا بەلگىلەنگەن. بىز ئەمىلىي تۇرمۇشتىن سۈنئىي قانداشلىق ئايرىمىسى جەھەتتىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي بەلگىلىمىلەرنى تاپىمىز. يەنە بىر مىسال كەلتۈرەيلى، مەيلى بۇرۇن بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن، ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ئىچىدە ئۇرۇقداشلىق نىكا بولۇپ ئۆتكەن ئىدى ۋە

هازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. پالانى ئۇرۇغى بىلەن پۇستانى ئۇرۇغى قۇدا چۇشۇشكە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق سۈيىتىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىغى بولىدۇ، لېكىن قانداشلىق جەھەتتىن قارىغاندا ئۇلار شالغۇتلاشقان بولىدۇ. مىللەت ئىچىدىمۇ ئەجدات ۋە قانداشلىق ئۇقۇمى ئىرقنىڭ ئىرسىيەت ئۇقۇمىدىن پەرقلىنىدۇ. بىز بىر مىللەت تارىخىدىكى مىللەت مەنبەسى ۋە مىللەتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش جەريانىنى قويۇپ تۇرۇپ، مىللەت ئىچىدىكى ئەجداتلارنى ئالدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ نەسىۋى كۆپ ھاللاردا پەملىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ، دىمەك، جاڭ پەملىلىك ئائىلە ئەۋلاتلىرىنىڭ پەملىسى جاڭ بولىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ پۈتۈن جاڭ جەمەتى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار دىگەنلىك بولىدۇ. لېكىن ئىرسىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، جاڭ پەملىلىك ئائىلىنىڭ ئەۋلاتى پەقەت جاڭ پەملىلىك ئائىلىنىڭ يېرىم قانداشلىغىغا ۋارىسلىق قىلغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى باشقا پەملىلىك بولۇشى مۇمكىن. دادىسى بولسا، بوۋىسىنىڭ قانداشلىغىنىڭ يېرىمىغا ۋارىسلىق قىلغان بولىدۇ، بۇنداقتا، ئۇنىڭ بەدىنىدە بوۋىسىنىڭ $\frac{1}{4}$ قانداشلىغى بولىدۇ، مۇشۇنداق ھىساپلىۋەرسەك، ئۇنىڭدا بوۋىسىنىڭ $\frac{1}{8}$ قانداشلىغى بولىدۇ، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، جاڭ پەملىلىك ئائىلىنىڭ قانداشلىغى ئۆزىنىڭ ئەۋلاتلىرىدا بارغانسېرى ئازىيىدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەم ئوغلى بولمىغاچقا باشقا پەملىلىك ئائىلىنىڭ بىر ئوغلىنى بېقىۋالغان بولسا،

ئۇنداقتا، بۇ ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا نەدىمۇ قانداشلىق باغلىنىش بولسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەت ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئەجدات دېگەن ئۇقۇم ئىرقنىڭ ئايرىلىشىدىكى ئەجدات دېگەن ئۇقۇم-دىن پەرقلىنىدۇ، ئىرقنىڭ قانداشلىق جەھەتتىكى ئايرىلىشى تۇققان ئەۋلاتتىن قوبۇل قىلغان بارلىق ئىرسى ئامىللارنىڭ يىغىندىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىرقنىڭ ئەجداتى دېگەندە ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىرسى تۈزۈلمىلىرىگە بىر ئۈلۈش مادد ا قوشۇل-غان بارلىق ئادەم توپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 6. ئىرقلار ئەلا ئىرق، پەس ئىرق دەپ ئايرىلامدۇ؟

كىشىلەردە ئۆز ئىرقىنى باشقا ئىرقلاردىن ئەلا ھېساپلايدىغان بىر تۈرلۈك تەبىئى روھىي ھالەت بار. مەسىلەن، سېرىق تەنلىك ئىندىئانلار ئارىسىدا، خۇدا رەڭگى سېرىق بولۇپ چىققان خېمىر ئادەمنى ھەممىدىن ياخشى كۆرگەن، دىگەن گەپ بار. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئاق تەنلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئاق رەڭ ھامان ھەممىدىن پاك، ئەلا ھېساپلىنىدۇ. قارا تەنلىكلەر بولسا قارا رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەتتا ئاۋستراليىدىكى دانى قەبىلىسىمۇ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى كۆمۈر كۈيىسى بىلەن قارا بوياپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قارا رەڭ ھەممىدىن سائادەتلىك ھېساپلىنىدۇ، ئاق تەنلىكلەر بولسا "تېرىسى سويۇۋېتىلگەنلەر" ھېساپلىنىدۇ.

بۇنداق تەبىئى روھىي ھالەت ناھايىتى چۈشىنىشلىك. ئەمما شۇنىسى دەھشەتكى، تارىختا بەزىلەر مۇشۇنداق قارغۇلارچە ئەلالىق تۇيغۇسى ۋە يەكلەش روھىي ھالىتى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ تەن ئالاھىدىلىگى جەھەتتىكى پەرقىنى تۇغما دەرىجە پەرقى، "ئىلغارلىق" بىلەن "قالاقلىق" پەرقى، ياكى "ئەلا ئىرق"

بىلەن ”پەس ئىرق“ پەرقى دەپ جۆيلۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي زۇلۇمنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گىتلېر ناتسىستلىرى ئارىيانلار ”ئەلا ئىرق“ دېگەن سەپسەتىنى توقۇپ چىقتى، ئۇلار بىگۇنا يەھۇدىلاردىن 6 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئافرىقىدا 15 ـ ئەسىردىن باشلاپ، ئىرقچىلار قارا تەنلىكلەرنى ئېلىش ـ سېتىش ئارقىلىق، 300 يىل ئىچىدە نەچچە ئون مىليون كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى تېرە رەڭگى ھوقۇقىنىڭ بىردىن ـ بىر بەلگىسى بولىدۇ، ئاز ساندىكى ئاق تەنلىكلەر 13 مىليون قارا تەنلىككە نىسبەتەن ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە، دەپ بەلگىلىدى. ئامېرىكىلىق ئىرقچىلارنىڭ نەزىرىدە، ئىندىئانلار بىر ئات ياكى بىر ئىشتقىمۇ تەڭ قىلىنمايدۇ، كولۇمبۇ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تاپقاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بىر مىليونچە ئىندىئان 500 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. 19 ـ ئەسىر ئىچىدە، ئاۋستىرالىيىلىك ئىرقچىلار ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ”قارا جەڭ“ قوزغاپ، يەرلىك تاسمانىئانلارنى شىكار ئوبيېكتى قىلدى، نەتىجىدە 6 مىڭدىن ئارتۇق تاسمانىئان قويماي جېنىدىن ئايرىلدى. ئىرقچىلار ۋە مۇستەملىكىچىلەر بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىنتايىن نومۇسسىز ئىش قىلدى.

ئىلمىي ”تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى“نىڭ مەيدانىغا

كېلىشى ئىرقچىلار سەپسەتىسىنىڭ ۋەتۋەرىگىنى چىقىرىۋەتتى. ئىرقچىلار ئىرقلارنىڭ تېرە رەڭگى جەھەتتىكى پەرقىنى خۇدانىڭ ئاتىغىنى دەۋالدى، «ئىنجىل»دا قارا تەنلىكلەر هام (Ham) نىڭ ئەۋلادى دېيىلگەن، "ئۇلار ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا قۇل بولۇشى كېرەك" دېيىشتى. قارا تەنلىكلەرنىڭ تەقدىر قىسمىتىگە پۈتۈلگىنى بۇيرۇقىقا بوي سۇنۇش ۋە ئىشلەش ئىمىش. بۇ نىمە دىگەن گەپ؟ ئىرقچىلار ھېچ ئاساسسىزلا، ئاق تەنلىكلەر ئىنسانلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىدىكى ھەممىدىن ئىلغار ئادەملەر، ئۇ يېقىنقى زامان دۇنيا مۇھىتىغا ئەڭ ماس كېلىدىغان ئىلغار ئىرقتۇر، دەپ جۆيلىدى.



29-رەسىم ئەڭ ئاخىرقى پىرتاسمانىئان قېرى ئايال (1877-يىلى ئۆلگەن)

ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟! سانسىز ئىلمىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىرقلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش مۇھىتىدىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدۇر، شۇنداقلا ئۇ تاشقى شەرت-شارائىتنىڭ تاللىنىشى بىلەن بولىدىغان پايدىلىق ماس ئالاھىدىلىك ھېساپلىنىدۇ. ھاۋا دائىم تۇتۇق بولىدىغان، سوغاق كىلىماتلىق ياۋروپادا ئاق رەڭلىك تېرە قۇياش نۇرىدىن تېخىمۇ كۆپ ئىسسىقلىق ۋە ئۇلترا بىنەپشە نۇر

قوبۇل قىلىدۇ؛ قۇياش نۇرى كۈچلۈك بولغان ئىسسىق بەلباغ رايونىدا قارا رەڭلىك تېرە ئىچكى ئورگانىزمنى قوغداشقا پايدىلىق؛ بوران ـ قۇم كۆپ بولغان يايلاق ـ قۇملۇق رايوندا، موڭغۇللارنىڭ ئۈستۈنكى قاپىقىدىكى قاتلاق كۆز بۇرجىكىنى قاپلايدۇ، بۇ كۆزنى ئوبدان قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. ئىرقلار ئىچىدە قايسىسىنىڭ ئىلغارلىقى، قايسىسىنىڭ قالاقلىقىنى تەكرى ئەزىلى قىسمەتتە پۈتۈلۈپ كەتكەن دېگەن يەكۈننىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق. ھازىرقى ئادەملەرنىڭ بەدىنىنى ھازىرقى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرساق، تۈك جەھەتتىن ئېيتقاندا، سېرىق تەنلىك بولغان موڭغۇللارنىڭ تۈكى ھەممىدىن ئاز، ئۇلار ھەممىدىن ئىلغار بولىدۇ؛ ئاق تەنلىكلەرنىڭ تۈكى ھەممىدىن قويۇق بولىدۇ؛ كالپۇكىنىڭ قېلىنلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا، قارا تەنلىكلەرنىڭكى ھەممىدىن قېلىن بولىدۇ، ئۇلار ھەممىدىن ئىلغار بولىدۇ، موڭغۇللارنىڭ كالپۇكىنىڭ قېلىنلىقى ئوتتۇراھال بولىدۇ، ئاق تەنلىكلەرنىڭكى بولسا ھەممىدىن نېپىز بولىدۇ؛ چاچنىڭ چىقىپ تۇرۇشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاق تەنلىكلەرنىڭ چاچى تازا روشەن ئەمەس، ئۇلار ھەممىدىن ئىلغار بولىدۇ، قارا تەنلىكلەرنىڭكى بولسا بەك چىقىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىرقلارنىڭ ئىلغارلىقى ۋە قالاقلىقى توغرىسىدىكى يەكۈن پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىرقلار ئۆزلۈكسىز شالغۇتلىشىپ بارىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئالمىشىپ بارلىققا كېلىدىغانلىقى

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن، ئىرقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مۇھىتقا ماسلىشىش جەھەتتە ئەسلىدىكى بىئولوگىيىلىك ئەھمىيىتىنى يوقاتتى.

ئاڭلىشىمىزچە، ئامېرىكىنىڭ قانۇنىدا قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ نىكالىنىشىنى چەكلىنىدۇ دېگەن بەلگىلىمە بار ئىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى ئاق تەنلىكلەرنىڭ "ئىسىل" پەزىلىتى يوقىلىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەش ئىمىش. راس شۇنداق بولامدۇ؟ گېننىڭ ئىرسىيەت قانۇنىيىتى شۇنى ئاللىقاچان ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ئادەم بەدىنىدىكى تۈرلۈك ئىرسىيەتلىك ھالەتنىڭ گېنلىرى ھەم مۇستەقىل ئايرىلىپ تۇرىدۇ، ھەم ئەر-كىن بىرلىشىدۇ، بىر مەھەل ئىپادىلەنمەيدىغان يوشۇرۇن گېن مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئەۋلاتنىڭ ھالىتىدە ئىپادى-لەنمىگەن بىلەن، كېيىنكى ئەۋلاتنىڭ ھالىتىدە بەرىبىر ئىپادىلى-نىدۇ. لېكىن ئىرسىيەت قانۇنىيىتى بىزگە شۇنىمۇ بىلدۈردىكى، بىر ئادەمنىڭ گېنلىق ھالىتىنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك ساپ بولۇشى، ئۇنىڭدا زادىلا شالغۇتلۇق ھادىسىسىنىڭ بولماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، بۇمۇ گېننىڭ ئەركىن بىرلىشىش قانۇنىيىتىگە باغلىق. دۇنيادا پۈتۈنلەي ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى ئادەم (جۈملىدىن بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قوشكىزەك) يوق، "ساپ نەسل"نى تەلەپ قىلىش پۈتۈن ئىرقتىكى بارلىق شەخسنىڭ بىر بىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان-لىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ، بۇ دەل خەقلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالغان، تارىختا ئۆتكەن كانۇت پادىشانىڭ دېڭىز بويىدا تۇرۇپ

دېڭىزغا ئارقاڭغا چېكىنىن دەپ بۇيرۇق قىلغىنىدەك، ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىمەنە ئىش.

بۇ قانۇننى تۈزۈپ چىققانلار ئۆزىنى ھەممىدىن "ساپ" دەپ ھېساپلىغان بولغاي! بىزگە مەلۇمكى، ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكـلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپادىن كەلگەن، ياۋروپالىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋال ياۋروپانىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىغا نەزەر سالايلى! ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇغىدا ئارقا ـ ئارقىـدىن پارس ۋە رىم ئىمپېرىيىلىرى قۇرۇلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەپنىڭ ئىسلام دىندارلىرى بېسىپ كىرگەن، ئەھلى سەلىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ خىرىستىيانلار ھوقۇقتا ئىگە بولغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئاسىيادىكى ھۇنلار بېسىپ كىرـگەن، 12 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ۋە كېيىن موڭغۇللار ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا يېتىپ كەلگەن، كېيىن تۈركىيەمۇ بالقان يېرىم ئارىلىغا كىرگەن. ياۋروپا زېمىنىغا ئىستىلاچىلارنىڭ بېسىپ كىرـگەنلىگى، ئىستىلاچىلارنى باشقىلار بوي سۇندۇرغانلىغى، بۇ توپ ـ توپ ئادەملەرنىڭ يۈرۈش قىلىپ كۆچۈپ يۈرگەنلىگىدىن ئىبارەت پاكىتلار كۇپايە قىلمامدۇ؟ ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئومۇمى ئىرسىيەت گېنى ئىسكىلاتىدا مۇشۇ ھەر خىل ئىرقلارنىڭ قىلچە ئىرسى ماددىسى يوقمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، ياۋروپادىن كەلگەن ئامېرىكىلىق ئاق تەنلىكلەرنى قانداقمۇ "ساپ" دېگىلى بولسۇن!

راستىنى ئېيتقاندا، "ساپ" بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق ساپ ھالەتنىڭ چوقۇم "ئەلا" بولىدىغانلىغىنى ئىسپاتلاشمۇ مۇمكىن

ئەمەس، چۈنكى بىرەر ئىرقنىڭ ئەلالىغى ياكى ئالاقىلىغىنى ئادەم بەدىنىنىڭ يۈزەكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال بەزىلەر: ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى ئىرسى ماددا جوڭقۇرىدۇ، شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى پەرقلىرى ئىرسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، دەپ تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە بولۇۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولدى، ئېلىمىزدە كۆپ سانلىق كىشىلەر ئەقلىي جەھەتتىكى پەرقلەرنى تۇغما ئامىللار بىلەن كېيىنكى تىرىشچانلىقنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ مېۋىسى دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، تۇغما ئامىللار دىگەندە ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ تەبىئى ئالدىنقى شەرتى ياكى ماددى ئاساسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، كېيىنكى تەلىم-تەربىيە ۋە تىرىشىش ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىل سانىلىدۇ. ئەقىلنىڭ تۇغما پەرقى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ يەردە شەخستىكى پەرق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ پۈتۈن ئىرقتىكىلەرنىڭ ئەقلى تامامەن ئۈستۈن دىگەنلىك ئەمەس، بىر ئىرق ئىرسى ماددا جەھەتتە بارلىق پايدىلىق ئامىللارغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ پاكىتقىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى تۆت چوڭ كەشپىيات (قەغەز، ملىتىق دورىسى، مەتبە، كومپاس)، مىسىردىكى ئېھرام، ھىندىستاننىڭ گانگ دەرياسى ۋادىسىدىكى ۋە بابىلدىكى قەدىمقى زامان مەدىنىيىتى دۇنيا بويىچە داڭدار، ئامېرىكىدىكى مېكسىكىنىڭ قەدىمى مايا مەدىنىيىتىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىجادىيەتلەر بار، ئامېرى-

كىدىكى ئىندىئانلار دۇنيادا ھەممىدىن ئاۋال كۆممە قوناق، ياڭيۇ، كاكاۋۇ، تاماكا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زىرائەتلەرنى تېرىغان. شۇڭا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۇنيادىكى ئىرقلار ئوخشاش تەرەققى قىلغان ئەقلىي ئامىللارغا ئىگە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنياۋىي ئىلىم-پەن، تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان.

يېقىندا ئافېنادا ئېچىلغان دۇنيا ئىنسانشۇناسلىرى يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئافېنا خىتاپنامىسى»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: ئادەم بەدىنىدە مەيلى قانداق بىئولوگىيىلىك پەرقلەر بار بولسۇن، بۇ ھەرگىزمۇ ئادەم توپى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي دەرىجىنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىلمىي ئىرقشۇناسلىقنى بەرپا قىلىشتا ھازىرقى زامان ئىرقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئايرىلىشى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋاقتى، ئورنى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ئېنىقلاشنى مەقسەت قىلىشىمىز، ئىرقچىلار تارقاتقان ساختا پەننى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز، ئىرقلارنىڭ تەن جەھەتتىكى پەرقلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى ئالدايدىغان، ئىرق ۋە مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان سەپسەتىلەرنى ئېچىپ تاشلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن ۋەتەندىن ئىبارەت مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ، دۇنيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرقىي زۇلۇمغا قارشى ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قوللىشىمىز لازىم.

本书根据本社 1984 年 12 月第 1 版北京第 1 次印刷汉文版本翻译出版。
بۇ كىتاب نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1984-يىل 12-ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە 1-نەشرى بېيجىڭ 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە تەھرىرى: باباخان
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەت راخمان
مەسئۇل كوررېكتور: مەريەم ئىسمايىل

پەننىي بىلىمگە دائىر كىتابچىلار
**ئىرق توغرىسىدا**
شى موجۇاڭ يازغان
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
يىخۆي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1985-يىل 9-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1998-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 2-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 3.50 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

浅谈种族:维吾尔文/时墨庄著;黄敦朴译.—2版.
—北京:民族出版社,1998.4
ISBN 7—105—03071—2

Ⅰ.浅… Ⅱ.①时… ②黄… Ⅲ.人种学—普及读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.Q982

中国版本图书馆CIP数据核字(98)第03780号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号
邮编:100013 电话:010—64228007)
艺辉胶印刷厂印刷 各地新华书店经销
1985年9月第1版 1998年3月北京第2次印刷
开本:787×1092毫米 1/32 印张:3.125
印数:5,001—10,000册 定价:3.50元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ISBN 7-105-03071-2

9 787105 030712

ISBN 7-105-03071-2/G·316
维文（维吾尔）　定价：[illegible]元